# مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار

يەئقۇب ياكى ئىسرائىل ئوغلى يۇسۇف بىلەن كۆرۈشكىلى مىسىرغا كەلگەندىن بېرى شۇ يەردە قالغان ئىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن پەلەستىندىكى تۇغۇلغان يېرىگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، يۇسۇفنىڭ ھىمايىسىدە مىسىردا ياشاپ قالدى. مىسىر باياشاتچىلىق، تۇزلەڭلىك، ھاۋاسى ياخشى زېمىن بولغاچقا، بۇ يەردە قېلىشنى تاللىغان ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا ئۇزۇن مەزگىل ياشاپ سانى كۆپەيدى. يىللار ئۆتۈپ يۇسۇف ۋاپات بولدى. يۇسۇف ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مىسىر ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قەدەر اللہ نىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنىڭ دىنىغا ئوخشاش يۇسۇفنىڭ دىنىمۇ ئىسلام ئىدى. بۇ يەردىكى ئىسلام بىر اللہ قا ئىشەنمەك، نىيەت قىلماق ۋە خالىماق مەنىسىدە بولۇپ، نىيىتى ۋە ئەمەلى بىلەن اللہ قا يۈزلىنىش دېمەكتۇر، بىزنىڭ ئىسلام دېگىنىمىز بۇدۇر.

بىز بۇ يەردىكى ئىسلام دېگەن سۆزدىن ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا قويغان ئىجتىمائىي شەرىئەت يولىنى كۆزدە تۇتمايمىز. بۇ يول باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىدىن ئىلغار ئىدى. ئېتىقادىنىڭ نېگىزى ھەزرىتى ئادەمدىن ھەزرىتى مۇھەممەدكىچە ئۆزگەرمىگەن.

يۇسۇف مىسىرنىڭ ئەزىزى ۋە باش ۋەزىرى بولغان چېغىدا، مىسىرنىڭ دىنى تەۋھىد ۋە ئىسلام بولغان ئىدى. ئۇ زىنداندىكى چېغىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئىسلامغا چاقىراتتى.

﴿تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر اللہ ياخشىمۇ؟﴾[1]

چۈشى ئەمەلگە ئاشقان چاغدا مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى:

﴿مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن »﴾.

يۇسۇفنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مىسىر تەۋھىدىنى تاشلاپ، تەكرار كۆپ ئىلاھلىق دىنغا قايتتى (ئۆتتى). كۈچلۈك ئېھتىمالغا قارىغاندا، بۇ ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھىيلىسى ۋە پىلانى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بۇ تەبىقىدىكىلەر تەۋھىد يولىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كەڭ خەلق ئاممىسىدىن پەرقلىق بىر ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىر توپ خىلمۇخىل ئويدۇرما تەڭرى سىستېمىنىڭ ۋە پىرئەۋن ئىلاھچىلىقىنىڭ تەكرارلىنىشى بۇ تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىسىرغا

---

[1] سۈرە يۇسۇف 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزلىرىنى ئىلاھ ياكى ئىلاھلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكالەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان پىرئەۋن ئائىلىلىرى ھاكىم (ھۆكۈمران) بولدى.

مىسىر خەلقى ئەسلى مەدەنىيەتلىك خەلق بولۇپ، مەدەنىيەت ياراتقان دىنىي بىر چۈشەنچىگە ئىگە قەۋم ئىدى. بەلكى مىسىرلىقلارنىڭ نۇرغۇن تەبىقىسى پىرئەۋننىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئەمما مىسىرلىقلارنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئىمان، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسيانغا ئايلانمىغىچە ھۆكۈمرانلار ئۇلارغا بېسىم قىلمايتتى. پىرئەۋن خەلقىدىن پەقەت بويسۇنۇشنىلا تەلەپ قىلاتتى. ئىچىدە مىسىردىكى خىلمۇخىل ئىلاھلارنىڭ ئىچىدىن خالىغانلىرىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، پەقەتلا پىرئەۋننىڭ پۈتۈن ئىلاھلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ سىمۋولى ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئىشەنسىلا بولاتتى. مىسىردىكى چۈشەنچە مانا مۇشۇنداق ئىدى.

مىسىر خەلقىنىڭ كۆپى كۆپ ئىلاھلىق ۋە مەركىزى ئىلاھ سانالغان پىرئەۋنگە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھۆكۈمران تەبىقە پىرئەۋنگە چوقۇنۇش، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ دىكتاتورلۇقىنى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭ خاھىش بويىچە ئىش كۆرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. خەلق پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ، قوماندانلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى قارشىلىقسىز قوبۇل قىلاتتى.

ئۇلۇغ اللە قۇرئان كەرىمدە پىرئەۋن ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ. دېدى:
«مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»﴾.[1]

ئىنسانلار پىرئەۋننىڭ بۇ ئىنكارچى نۇتقىغا بەلكى ئامالسىزلىقتىن ئىتائەت قىلدى.

پىرئەۋنگە بويسۇنۇش مىسىر خەلقىگە ئاپەت ئېلىپ كەلدى. مىسىر يۇسۇفنىڭ زامانىدىكى مەرىپەتچىلىك ۋە قىسقا مەزگىللىك تەۋھىد دەۋرىدىن كېيىن، كۆپ ئىلاھلىق سىستېمىغا ئۆتكەن ئىدى.

يەئقۇب (ئىسرائىل) نىڭ ئەۋلادىدىن بەزىلىرى تەۋھىد ئەقىدىسىدە قالغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى تەۋھىد ئەقىدىسىنى تاشلاپ، مىسىرلىقلارنىڭ يولىدا ماڭدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇ يەردە كۆپىيىپ، نۇرغۇن كەسىپلەرنى ئىگەللەپ، مىسىر بازارلىرىنى تولدۇردى. كۇنلەر ئۆتۈپ مىسىرغا مىسىرلىقلار بۇرۇن چوقۇنغان زوراۋان بىر ھۆكۈمدار ھاكىم بولدى. بۇ ھۆكۈمدار ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ۋە مال ـ دۇنيا ساھىبى بولغانلىقىنى كۆردى. ھۆكۈمدار ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ پىرئەۋننى تەختىدىن چۈشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر مەخپىي خەۋەرنى

---

[1] سۈرە نازىئات 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر

www.munber.org

دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. بەلكى بۇ خەۋەر زۇلۇم تارتقان ئاز سانلىق قەۋمنىڭ قىلغان خىياللىرىدىن بىرى ئىدى ياكى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا سۆزلەنگەن بىر خۇش خەۋەر ئىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ گەپ پىرئەۋننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پىرئەۋن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ پەرزەنت كۆرمەسلىكى توغرىسىدا غەلىتە بىر قانۇن چىقاردى.

بۇ بۇيرۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: «تۇغۇلغان ھەر ئوغۇل ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ھۆكۈم يولغا قويۇلدى، ئەمما كېيىن ئىقتىسادچىلار پىرئەۋنگە قېرىلار ئۆز ئەجىلىدىن ئۆلۈپ، باللار ئۆلتۈرۈلسە، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۇنداق بولغاندا، پىرئەۋنگە ئىشلەيدىغان قول ۋە پايدىلىنىدىغان دېھقان قالمايتتى. ئەڭ ياخشىسى بۇ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ بىر يىل ئۆلتۈرۈپ بىر يىل ئۆلتۈرمەسلىك لازىم ئىدى. پىرئەۋن بۇ پىكىرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

مۇسانىڭ ئانىسى ھارۇنغا بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلدا ھامىلە بولدى. شۇڭا ئۇنى قورقماي تۇغدى.

مۇسا بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلدى. ئانىسى ئۇنى قورقۇپ ئەندىشىلەنگەن ھالدا تۇغدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقاتتى، ئۇنى مەخپىي ئېمىتەتتى. مۇبارەك بىر كېچىدە الله ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلدى:

﴿مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز»﴾.[1]

الله نىڭ ۋەھيىسى توگىشىگىلا، مۇسانىڭ ئانىسى بۇ مەرھەمەتلىك ۋە مۇقەددەس ئاۋازغا ئىتائەت قىلدى. مۇسا ئۈچۈن كىچىك بىر ساندۇق ياسىدى. ئۇنى ئەمگۈزۈپ ساندۇق ئىچىگە قويۇپ، نىل دەرياسىغا قويۇپ بەردى.

دۇنيادا ئەڭ كۆيۈمچان بولغان ئانىنىڭ يۈرىكى ئوغلىنى نىل دەرياسىغا تاشلىغاندا، ئازاب بىلەن تولغان ئىدى. لېكىن ئۇ الله نىڭ ئۇنى ئېخمۇ بەكرەك سۆيىدىغانلىقىنى، ئېخمۇ كۆيۈندىغانلىقىنى بىلەتتى. الله مۇسانىڭ ۋە نىل نىڭ رەببىدۇر.

ساندۇق نىل دەرياسىغا چۈشەر ـ چۈشمەي، الله دولقۇنلارغا كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغان بوۋاقنى ئاستا ۋە سىلىق ئېقىتىشلىرىنى ئەمر قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇندىن بۇرۇنمۇ ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈچۈن ئوتقا سۆرۈن ۋە تېنچ بولۇشىنى ئەمر قىلغان ئىدى.

[1] سۈرە قەسەس 7 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇلۇغ الله نىل دەرياسىغا ساندۇقنى پىرئەۋننىڭ قەسرىگە قەدەر ئېلىپ بېرىشنى ئەمر قىلدى. دولقۇنلار ئۇنى تاكى ساھىلغىچە ئەكىلىپ قويدى.

شاماللار ساندۇقنىڭ چۆرىسىدىكى يېشىل ئوت - چۆپلەرگە: «تولا ئىغاڭلىماڭلار، چۈنكى مۇسا ئۇخلاۋاتىدۇ» دەيتتى.

ئوت - چۆپلەرمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى ۋە مۇسا راھەت ئۇخلايتتى. سەھەردە پىرئەۋننىڭ قەسرىدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى.

پىرئەۋننىڭ خانىمى ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە قەسرىنىڭ باغچىسىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، بۈگۈنكى سەيلە ئۇزۇنغا سوزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.

پىرئەۋننىڭ خانىمى پىرئەۋندىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ، پىرئەۋن كاپىر، ئۇ مۆمىن ئىدى. پىرئەۋن رەھىمسىز، ئۇ شەپقەتلىك، پىرئەۋن قوپال، ئۇ مۇلايىم، ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇ تۇغمىغاچقا بىر بالىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پىرئەۋننىڭ خانىمى گۈل - چېچەكلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پۇراقلاردىن يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەسنادا، دەريادىن كومزەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقان دېدەكلەر پۈتلىرىنىڭ يېنىدىكى ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۆز پېتىچە خانىشقا ئېلىپ كەلدى ۋە خانىشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساندۇقنى ئاچتى. خانىش ساندۇقتىكى مۇسانى كۆرۈپ، ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك ھېس قىلدى. كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئۇنى قولغا ئالغان ئىدى. مۇسامۇ ئويغىنىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئەتىگەنلىك سۈتىنى تېخى ئەممىگەچكە، قورسىقى ئاچقان ئىدى. پىرئەۋن ئەتىگەنلىك ناشتىدا خانىمنى ساقلاپ شۇنچە ئولتۇرۇپ باقسىمۇ، كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئايالى تۇيۇقسىز قۇچىقىدىكى مۇسانى كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيۈپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچرىدى. پىرئەۋن بۇ بالىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭغا ساھىلدىكى بىر ساندۇقتىن تېپىلغانلىقنى ئېيتتى. پىرئەۋن نادانلارچە: بۇ بەنى ئىسرائىل باللىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ يىل ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرى ئۆلتۈرۈلەتتى، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ - دېدى.

خانىمى مۇسانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

﴿«(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى﴾[1].

پىرئەۋن خانىمىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىگە، بۇرۇن كۆرۈلمىگەن خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈشتىن يىغلىشىغا قاراپ ئىنتايىن ھەيران قالدى.

پىرئەۋن خانىمىنىڭ بۇ بوۋاقنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە: بەلكى ئۇ بالا تۇغمىغاچقا ئۇنى بالا قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، - دېدى.

[1] سۈرە قەسەس 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىھايەت خانىمىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغان پىرئەۋن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بوۋاقنىڭ قەسرىدە چوڭ بولۇشىغا ئىجازەت قىلدى. پىرئەۋنىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن خانىمى خۇشاللىقىدىن يۈزى ئېچىلىپ كۈلدى. پىرئەۋن بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ ھەدىيە، زىبۇ ـ زىننەت ۋە دېدەك بېرىپمۇ بىر قېتىم كۈلگىنىنى كۆرەلمىگەنىدى. پىرئەۋن ئۇنى كۈلۈشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كۈلكە ئىچىدىكى يۈزىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

مۇسانىڭ ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن خانىم پىرئەۋنگە: كىچىك ئوغلۇم ئاچ، ـ دېدى. پىرئەۋن: ئۇنىڭغا ئىنىكئانا تېپىپ كېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سارايدىن بىر ئىنىكئانا كېلىپ مۇسانى ئېمىتمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما مۇسا ئەممىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەتتا ئونىنچىسى كېلىپ مۇسانى ئەمدۈرەلمىدى. مۇسانىڭ يىغىسىغا قاراپ خانىممۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي يىغلايتتى.

پىرئەۋنىنىڭ خانىمىدىن باشقا مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىمۇ ئازابلىنىپ يىغلايتتى. مۇسانى نىلغا تاشلىغان چېغىدا يۈرىكىنىمۇ تەڭ تاشلىغان ئىدى. ئۇ ساندۇق دەريا سۈيى بىلەن يوقالغاندىن بېرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان ئىدى. يۈرىكى ئازابتىن ئېزىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئەگەر ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولسا، ئۇ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن پىرئەۋنىنىڭ سارىيىغا بېرىشتىنمۇ يانمايتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، ئوغلىنى الله قا تاپشۇردى ۋە مۇسانىڭ ئاچىسىغا: چاندۇرماي پىرئەۋنىنىڭ قەسرىنىڭ يېنىغا بارغىن، مۇسانىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشقىن، ـ دېدى.

ئاچىسى چاندۇرماي بېرىپ ۋەقەنى ئاڭلىدى. يىغلاۋاتقان مۇسانى يىراقتىن كۆردى. ئۇلارنىڭ مۇسانى ئەمدۈرەلمەي تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئاچىسى پىرئەۋنىنىڭ ياساۋۇللىرىغا: (سىلەرگە) ئۇنى ئېمىتىپ باقىدىغان، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدىغان بىر ئائىلىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى.

پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: ئەگەر بوۋاقنى ئېمىتەلەيدىغان بىر ئىنىكئانا تېپىپ كېلەلىسەڭ، ساڭا تىلىگەن نەرسەڭنى بېرىمەن، ـ دېدى. مۇسانىڭ ئاچىسى دەرھال ئانىسىنى ئەكەلدى. بوۋاقنىڭ ئەمگەنلىكىنى كۆرگەن پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: بوۋاق سۈتتىن ئايرىلغىچە سەن باققىن، كېيىن بىزگە قايتۇرۇپ ئەكىلىسەن، ئۇنى باققىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كاتتا ئىنئام بېرىمىز، ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، ئازابلانماسلىقى ئۈچۈن مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

روشەنكى، الله ۋەدىسىدە راستچىل ۋە سۆزى ھەر قاچان نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر.

www.munber.org

ئۇلۇغ الله قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ هوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ الله نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى. ئانىسى مۇسانىڭ هەمشىرىسىگە: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. هەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. هالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى. (ئۇ ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق، مۇسانىڭ هەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ هەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ هەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾.[1]

مۇسانىڭ ئانىسى مۇسا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇردى. ئۇنى هەممە كىشى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلۇغ الله تاها سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇهەببەتنى سالدىم﴾.[2]

ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. ئۇ يەر يۈزىدىكى سارايلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدا، الله نىڭ قوغدىشى ۋە هىمايىسىدە ئۆسۈۋاتاتتى. مۇسانىڭ تەربىيىلىنىشى پىرئەۋننىڭ ئۆيىدىن باشلاندى. ئۇ چاغلاردا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشهۇر ئۇستاز، ئالىملىرى بۇ سارايدا خىزمەت قىلاتتى. مىسىر ئۇ دەۋردە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، پىرئەۋن ئەڭ چوڭ هۆكۈمران بولغانلىقىدىن ئۇ ئۇستازلارنىڭمۇ دۇنيادىكى ئەڭ دانىشمەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مۇسانىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە تەربىيىلىنىشى، ئەڭ دانىشمەن كىشىلەردىن دەرس ئېلىشى، (بۇلارنىڭ هەممىسى) كېيىن الله نىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغان دۈشمىنىنىڭ ئۆيىدە (سارايدا) ئېلىپ بېرىلىشى الله نىڭ هېكمەتلىك تەدبىرى ئىدى. مۇسا پىرئەۋننىڭ ئۆيىدە ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، خىمىيە، تەبىئەت ۋە چەتئەل تىللىرى ئۆگىنىپ چوڭ بولدى. دىن دەرسىدە ئوخلايتتى. چۈنكى پىرئەۋننىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ توغرىدا سۆزلەنگەن قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلىمايتتى. ئىچىدە بۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇ پىرئەۋن بىلەن بىر سارايدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ پەقەتلا بىر ئىنسان ۋە زالىم ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشى بىلەتتى.

---

[1] سۈرە قەسەس 10 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تاها 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ ئوغلى ئەمەس، بەنى ئىسرائىلدىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغان مۇسا پىرئەۋن ئادەملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قانداق زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولدى.

ئۇ، خەلقىنىڭ خەۋىرى يوق بىر چاغدا شەھەرگە كىردى. ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن ئورۇق، ئاجىز بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاجىز كىشىنىڭ تەلپىي بويىچە جېدەلگە ئارىلىشىپ ئۇ ئۆكتەم كىشىنى بىر ئۇرۇۋىدى، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۆلۈپ قالدى. مۇسا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، رەقىبىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قولى بىلەن بىر قېتىم ئۇرسىلا يېتەتتى. ئەمما مۇسانىڭ مەقسىتى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس ئىدى، ئۇ كىشى تۇيۇقسىزدىن ئۆلگەن ئىدى.

مۇسا ئۆزىگە: بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، چۈنكى ئۇ ئوپئوچۇق ئازدۇرغۇچى، دۈشمەندۇر، ـ دېدى ۋە رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: ئى رەببىم! مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن!

الله ئۇنى مەغپىرەت قىلدى. ئۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك. ئۇلۇغ الله قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز. مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»[1]﴾.

مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا كۆز تاشلايتتى. خۇددى ھەر قەدىمىدە بىرەر بالادىن قورققان، كىچىككىنە بىر شەپىدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارايدىغان كىشىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

[1] سۈرە قەسەس 14 ـ 17 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسا ئەسەبىي ۋە ئالدىراقسانلىقنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. پەقەتلا مىسىرلىقنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاتقان بىر مۇشت بىلەن ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بېشىغا ئىش تېرىغان ئىدى.

بۇ ئۆلۈمگە كۈنىمىز قانۇنلىرىدا: «سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش» دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى ھەرىكەتتە ۋە نىيەتتە قەستەنلىك يوقتۇر ھەم بۇنىڭ جازاسى ئېغىر ئەمەس بولۇپ، سوت بۇ خىلدىكى ۋەقەنى (ياكى جىنايەتنى) يېنىكلىتىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ۋەقەنى پەقەتلا ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان بىر مۇشتتىن ئىبارەت دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئۇرۇشىمىز قەستەن ئەمەس، مۇسا ئۇنى ئۇرماقچى بولماستىن، پەقەت ئاجرىتىش ئۈچۈن قولىنى ئىشلەتكەن ئىدى.

ئالدىمىزدا مۇسانىڭ ھالىنىڭ خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەنە بىر خىل ھالىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەر ئىككىسىلا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن ئىدى. لېكىن ئىبراھىم مۇلايىملىق، ئېغىر بېسىقلىقنىڭ ئۈلگىسى، مۇسا بولسا چېپىلغاق ۋە ئەسەبىيلىكنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. بۇ، الله نىڭ ياراتقان ئۇ خىلدىكى مىجەز پىسخىكىسىدىن ئىبارەت.

مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىنى كۆزىتىپ يۈردى. مۇسا بۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جىنايەتچىلەرگە ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەسكى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئارىسىدىكى جېدەلگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. تاڭ ئاتتى. مۇسا يولدا كېتىۋېتىپ تۈنۈگۈنكى ئادەمنىڭ يەنە ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئۆزىدىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم يەنە بىر مىسىرلىق بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. مۇسا بۇ ئادەمنىڭ ئۇسال ۋە جېدەلكەشلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن: سەن ئوپئوچۇق گۇمراھ ئىكەنسەن، ـ دەپ ۋارقىرىدى.

مۇسا ۋاقىرغاچ مىسىرلىقنى تۇتماقچى بولۇپ ئۇلارغا قاراپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتقىلى كېلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلغان يەھۇدىي قورققان ھالدا: ئى مۇسا! تۈنۈگۈن بىرىنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ سەن زېمىندا ئىسلاھاتچى ئەمەس، بەلكى بىر زوراۋان بولماقچىكەنسەن، ـ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇسانىڭ ئاچچىقى پەسىيىپ توختاپ قالدى. تۈنۈگۈن قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن تۆۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتقانلىقىنى، گۇناھكارلارغا ياردەم قىلماسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، تەكرار رەببىگە ئىستىغفار ئېيتتى.

يەھۇدىي بىلەن ئۇرۇشقان مىسىرلىق مۇسانىڭ تۈنۈگۈن جەستى تېپىلغان مىسىرلىقنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالدى. شەھەر مۇھاپىزلىرى قاتىلنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال مۇھاپىزلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۇسانىڭ ئەھۋالىنى

خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسانىڭ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالدى. شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىمانلىق بىر مىسىرلىق (قىبتى) مۇسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى، شۇڭا دەرھال مىسىردىن كېتىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېدى. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى) گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۇزىگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى. بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن» دېدى﴾.[1]

دېمەك، الله مۇسانى ئاگاھلاندۇرغان كىشىنىڭ ئىسمىنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. لېكىن ئايەتلەرگە قاراپ ئۇنىڭ مىسىرلىق مۇھىم بىر كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇنىڭ مۇساغا قارشى ھازىرلانغان سۇيىقەست پىلانىدىن خەۋەر تاپقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈنكى ۋەقە سەۋەبىدىن مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھەقسىزلىق دەپ قارايتتى. قەدىمكى مىسىر قانۇنى بويىچە دىققەتسىزلىك بىلەن قاتىللىق قىلغانلارنىڭ جازاسى زىنداندا يېتىش ئىدى. ئۇنداقتا مۇسانى ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى جۈملىدۇر: «كاتتىلار سېنىڭ ئىشىڭنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىدۇ» بۇ بىر ئادەتتىكى جىنايەت بولۇپ، پەقەت سوت ھۆكمى بىلەن زىندانغا تاشلىنىسىلا بولاتتى. ئەمما كاتتىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ بىر تەرەپكە يان بېسىپ مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئويلايمىزكى، مىسىرنىڭ مۇھاپىز باشلىقى مۇسانى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ بەنى ئىسرائىللىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ساندۇقنىڭ پىرئەۋن قەسرىدە پەيدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ تەختىگە كۆز تىككەن دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىغان تۇزىقى دەپ قارايتتى. چۈنكى مۇسا ھېچقانداق بىر بەنى ئىسرائىل بوۋاقنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان يىلدا ھايات قالغان ئىدى.

بۇ دېمەككى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ جەھەتتە يۇمشاقراق مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ئۇ مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى نۇرغۇن قېتىم تەۋسىيە قىلغان، پىرئەۋنمۇ بۇ پىكىرنى قوللاپ

[1] سۈرە قەسەس 18 ـ 20 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

قول سالماقچى بولغاندا خانىمنىڭ مۇساغا بولغان مۇھەببىتى ۋە كۆيۈمى ئالدىدا توختاپ قالغان ئىدى.

نەھايەت پۇرسەت كەلگەن ئىدى. ئادەملەردىن بىرى تونۇگۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ قاتىلىنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇسانى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتى كەلدى. ئۇنى ھازىر كىم ئاقلىيالايدۇ؟ «مۇسانى قەستەن ئادەم ئۆلتۈردى» دەپ تۇتىدىغان تۇرسا؟

مۇسانىڭ سارايدىكى دۈشمەنلىرى بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى بېكىتتى.

الله مۇسانىڭ يېنىغا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇ زالىملارنىڭ ئارىسىدىن قېچىشىنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئەقىللىق بىر مىسىرلىقنى ئەۋەتتى.

ئۇلۇغ الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى﴾.[①]

مۇسانى قوغلىغانلار ۋە قاچقان كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. ئۇ: «رەببىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن!» دېگىنىچە، خاۋاتىرلەنگەن ۋە الله قا دۇئا قىلغان ھالدا قېچىۋاتاتتى.

بۇ قەۋم راستىنلا زالىم بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ پەقەت قولىنى ئۇزىتىپ غەۋغانى ئاجرىتىش ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغان ئىدى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ قەسرىگە بارمايلا دەرھال مىسىردىن قېچىپ چىقتى. ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇرمىغان، يولغا چىقىش ئۈچۈن ئۇزۇق ـ تۈلۈكمۇ ئېلىۋالمىغان ئىدى. مىنىدىغان ئۇلىقىمۇ يوق ھەم ئۇزى يالغۇز بولۇپ، پەقەت ھېلىقى مۆمىن كىشىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئالدىراش يولغا چىققان ئىدى.

ئۇ الله قا تەۋەككۈل قىلغان ھالدا باشقىلار ماڭمىغان يولغا، چۆلگە قاراپ ماڭدى. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ھەم يالغۇز ھەم تۇنجى قېتىم چۆل سەپىرىگە چىقىۋاتاتتى.

ئۇ داۋاملىق قوغلىنىش ھېسسىياتى بىلەن مېڭىپ ئاخىرى بىر يەرگە ئۇلاشتى، بۇ يەر مەدىيەن ئىدى.

ئۇ، كىشىلەر ھايۋانلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن باشقا يەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. يولدا ئۇچرىغان

---

① سۈرە قەسەس 21 ـ ئايەت.

قۇدۇقلاردىن سۇ تېپىپ ئىچەتتى. كېيىندىن پىرئەۋننىڭ ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشىدىن داۋاملىق ئەنسىرەيتتى.

مۇسا مەدىيەنگە بېرىپلا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئالدى. ھەم ئاچ ھەم ھارغىن ئىدى. قۇم، قىيا تاشلار ۋە توپىلاردا يۈرۈپ يىرتىلىپ كەتكەن ئاياقلىرى پۇتلىرىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى. يېنىدا ئاياق ئېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ پۇلى يوق ئىدى. مۇسا بەزى پادىچىلارنىڭ قوي ـ كالىلارنى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەم ئاچ ھەم ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «يېگۈدەك بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا پۇلۇم بولمىغاندىكىن، قورسىقىمنى سۇ بىلەن توشقۇزاي» دەپ سۇ بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قۇدۇق يېنىدا ماللىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مېلىغا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئىلھام بىلەن بۇ ئىككى قىزنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇسسىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ياردەمگە ئېھتىياجىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىۋىدى، قىزلارنىڭ چوڭى:

ـ بىز پەقەت باشقا پادىچىلاردىن كېيىنلا ماللىرىمىزنى سۇغۇرالايمىز ـ دېدى.

مۇسا: نېمىشقا؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىز ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرەلمەيمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى قىزلارنىڭ كىچىكى.

مۇسا پادىلارنى ئەركەكلەر باقماي، نېمىشقا بۇ ئىككى قىزنىڭ باقىدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. بۇ تەس ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان غەلىتە ئىش ئىدى، مۇسا نېمىشقا پادىغا ئۇ ئىككىسىنىڭ قارايدىغانلىقىنى سورىدى:

ـ دادىمىز بىر قېرى بوۋاي، ھەركۈنى چارۋىلارنى ئوتلىتىشقا سالامەتلىكى يار بەرمەيدۇ، ـ دېدى كىچىك قىز.

مۇسا: سىلەر ئۈچۈن مەن سۇغۇرۇپ بېرەي، ـ دەپ سۇنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما پادىچىلارنىڭ قۇدۇقنىڭ بېشىغا 10 ئەركىشى ئاران مىدىرلىتالايدىغان چوڭ بىر خادا تاش تىكلەپ قويغانلىقىنى كۆردى.

مۇسا ئۇنى قۇدۇق بېشىدىن قۇچاقلاپ كۆتىرىپ ئالدى. ئۇ كۆتۈرگەن چېغىدا قولى ۋە بويىنى تەرگە چۆمدى، كۈچلۈك مۇسا ماللارنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خادا تاشنى كۆتۈرۈپ تەكرار ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ دەرەخنىڭ سايىسىگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا سۇ ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئاچلىقتىن قورسىقى چاپلىشىپ قالغان ئىدى. ئىچىدە الله نى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

www.munber.org

﴿مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴾.[1]

ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى. مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى. مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴾.[2]

مۇسا دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ماللىرىنى سۇغارغان ئىككى قىزغا كېلەيلى:

قىزلار قېرى دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە دادىسى: بۈگۈن ئەجەپ بالدۇر قايتىپ كېلىپسىلەرغۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بۈگۈن تەلىيىمىزگە بىر ياخشى كىشى ئۇچراپ قېلىپ، پادىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەردى دادا، ـ دەپ جاۋاب بەردى چوڭ قىز.

ـ ئەلھەمدۇلىللا! ـ دېدى دادىسى.

ـ دادا ئۇ ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. قورسىقىمۇ ئاچ، كۈچلۈك بولسىمۇ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ـ دېدى كىچىك قىزى.

دادىسى: ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، دادام بىزنىڭ چارۋىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەق بەرمەكچى بولۇپ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەڭلار ـ دېدى.

قىز ھاياجانلىنىپ مۇسانىڭ يېنىغا يۈگۈردى ۋە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ دادىسىنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. مۇسا كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بۇنى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا الله رىزاسى ئۈچۈنلا قىلغان ئىدى. ئەمما ئىچىدە (كۆڭلىدە) پۈتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس، الله نىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

قىز يول باشلاپ ماڭغاندا شامال كېلىپ كىيىملىرىنى يەلپۈدى. ئۇ قىزغا: سەن يولنى كۆرسەتكىن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭاي، ـ دېدى. ئۇلار بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بەزى

---

[1] سۈرە قەسەس 24 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 22 ـ 24 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

مۇپەسسىرلەر بۇ بوۋاينىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «قەۋمىنىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىلگەن ئىدى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ شۇئەيبنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى» دەيدۇ. «ئۇ شۇئەيبنىڭ قەۋمىدىن مۆمىن بىر كىشى» دېگۈچىلەرمۇ بار. يەنى ئۇنىڭ ياخشى بوۋاي ئىكەنلىكى ئېنىق. بوۋاي ئۇنى تاماق بىلەن مېھمان قىلدى ۋە نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. مۇسا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى.

بوۋاي: قورقما! زالىم مىللەتتىن قۇتۇلۇپسەن، ئەمما بۇ مەملىكەت مىسىرغا تەۋە ئەمەس، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ سېنى تاپالمايدۇ، ـ دېدى.

مۇسا خۇشال بولدى ۋە كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

بوۋاينىڭ قىزى قېرى دادىسىغا پىچىرلىدى: دادا! ئۇنى ئىشلەتكىن، بۇ سېنىڭ ئىشلەمچىلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى، ھەم ئىشەنچلىك ھەم كۈچلۈك.

بوۋاي قىزىغا: كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن! ـ دەپ قارىدى.

ـ ئون كىشى ئاران كۆتۈرەلەيدىغان خادا تاشنى ئۆزى يالغۇز كۆتەردى، ـ دېدى قىز.

ـ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ ـ سورىدى بوۋاي.

ـ ئارقامدىن مېڭىشنى خالىمىدى، مەن ماڭغاندا ماڭا قارىماسلىق (قاراپ قالماسلىق) ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا ماڭدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنىمدا ئۇيالغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى قىز.

بوۋاي مۇساغا ئۆرۈلۈپ: مۇسا! يېنىمدا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە قىزلىرىمدىن بىرىنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر 10 يىلنى تاماملىۋەتسەڭ (توشقۇزىۋەتسەڭ) تېخىمۇ ياخشى. سېنى جاپاغا قويۇشنى خالىمايمەن. الله خالىسا، مېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن، ـ دېدى.

مۇسا: بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدىكى توختامدۇر، الله بىزنىڭ توختىمىمىزغا گۇۋاھچىدۇر. مەن مەيلى سەككىز يىل ياكى ئون يىل ئىشلەپ بېرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن كېتىش ئەركىنلىكى مەندە بولىدۇ، ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى. ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر». ئۇ (يەنى شۇئەيب)

www.munber.org

ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن». مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، اﷲ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»﴾.[1]

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە نۇرغۇن قەلەمكەشلەر: «مۇسا بوۋاينىڭ چوڭ قىزى بىلەن تويى قىلغانمىدۇ ياكى كىچىكى بىلەنمۇ؟ بۇ يەردە 10 يىل قالغانمىدۇ ياكى سەككىز يىلمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ يۈرىشىدۇ.

بىز مۇسانىڭ بوۋاينىڭ ئىككى قىزىدىن بىرىگە ئۆيلەنگەنلىكىنىلا بىلىمىز. قىزنىڭ ئىسمىنى، چوڭى ياكى كىچىكىمۇ، بۇنى بىلمەيمىز. بەلكى ئۇنى دادىسىنىڭ يېنىغا چاقىرىشقا بارغان، كېيىن ئۆزىنى (يەنى مۇسانى) ئىشلىتىشنى دادىسىغا تەۋسىيە قىلغان قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

قۇرئاندا قىزنىڭ مۇسانىڭ ئالدىدا كۆڭلىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇساغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىزگە ھېس قىلدۇرىدۇ. بەلكى بوۋاي بىلىمى ۋە ھېكمىتى بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ۋە ئىشنى شۇ بويىچە پۈتتۈرگەن بولۇشىمۇ بەلكى مۇساغا ياتلىق بولۇشنى ئېيتقاندا، خىجىللىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭ تاللىشىنى توغرا تاپقان بولۇشى مۇمكىن. يەنى بەلكى مۇسا خالىغىنىنى تاللىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە بەلكى بۇ مۇسانىڭ جەسۇرلىقى ۋە قىزىققانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشقاندۇ. بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى، چوڭى ياكى كىچىكى ئىكەنلىكىنى بىلىش تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئىشارەت قىلىنغان ھالدىمۇ، قۇرئان جاۋاب بەرمىگەن بىر مەسىلىدۇر.

﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ﴾.[2]

قۇرئان مۇسانىڭ قانچە يىل قالغانلىقىنىمۇ ئېيتمايدۇ.

شۇنداقتىمۇ مۇسانىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ياخشىلىقى، ئىرادىلىك پەيغەمبەرلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىتنى توشقۇزغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بۇنى توغرىلايدۇ. يەنى مۇسا بوۋايغا توپ ـ توغرا 10 يىل خىزمەت قىلدى.

مۇسانىڭ ئىشى ھەركۈنى ئەتىگەندە چىقىپ چارۋىلارنى ئوتلىتىش ۋە سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇسانىڭ مەديەندە ئۆتكۈزگەن 10 يىل ۋاقتى، اﷲ نىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن

[1] سۈرە قەسەس 25 ــ 28 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە قەسەس 25 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى ئىدى. مۇسا يەئقۇبنىڭ دىنىدا ئىدى، يەئقۇب ئۇنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەنى مۇسا ئىبراھىمنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن ھەر پەيغەمبەر ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، مۇسا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام ۋە تەۋھىد ئېتىقادىدا ئىدى.

مانا ئۇ ۋاقتى كېلىپ، ئائىلىسىدىن ۋە مىللىتىدىن (قەۋمىدىن) **10** يىل ئايرىلىپ ياشىدى. بۇ ئون يىل ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىش مەزگىلى ئىدى.

مۇسانىڭ ئەقلى ھەر كېچە يۇلتۇزلاردا قالاتتى، ھەركۈنى قۇياشنىڭ چىقىشىنى ۋە پېتىشىنى كۆزىتەتتى. ئۆسۈملۈكنىڭ تۇپراقنى قانداقلارچە يېرىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. سۇغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆلگەن تۇپراقنى قايتىدىن قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىنى ۋە يېشىللىققا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئويلايتتى. زېھنىدە مۇتلەق ھالدا الله نىڭ كۆز ۋە قەلبلەرگە ئوچۇق بولغان بۇ مۆكەممەل ئەسىرىنى خىيال قىلاتتى. الله نىڭ كائىناتنى ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى تېنى شۈركىنىپ ھەيرانلىققا چۆمەتتى.

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەقلىدىن ھېچ چىقمايتتى.

مۇسا مىسىردا پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈنلەي مىسىرلىققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇغۇلۇپ يېتىلىشى جەھەتتىن پۈتۈنلەي مىسىرلىق بولغان بىر كىشى، يېڭىچە بىر ئىلاھىي ۋەھيى ياكى پەرىشتىلەردىن بولغان ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسىز بىۋاسىتە ھالدا ئىلاھىي ۋەھيى ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. الله ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشمەكچى بولدى. شۇڭا مۇسانىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەييار بولۇشى كېرەك ئىدى.

جىسمانىي جەھەتتىكى تەييارلىق مىسىردا پۈتۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ باي دۆلەتتە، يەر يۈزىدىكى ھۆكۈمدار (پادىشاھ) لارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ سارىيىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن قولىنى مۇنداقلا قىلىپ قويۇشى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك يېتىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

ئۇ ھالدا، جىسمانىي تەييارلىق بىلەن روھىي تەييارلىقنىڭ بىرلىشىشى قالغانىدى. بۇ كىشىلەردىن خالىي يەردە قىلىنىدىغان تەييارلىق ئىدى. بۇندىن بۇرۇن مۇسا بىلمەيدىغان بىر چۆل ۋە ئوتلاق ئەتراپىدا... بۇندىن بۇرۇن مۇسا كۆرمىگەن يات كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا مانا بۇ بولغانىدى.

سۈكۈت ئۇنىڭ يولى ئىدى.

www.munber.org

خالىيلىق (يالغۇزلۇق) ئۇنىڭ ئۇلغى ئىدى.

الله مۇسانىڭ بۇندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن، بۇ پەيغەمبەرىگە كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى تولۇقلىماقتا ئىدى. بۇنىڭ ۋاقتى كەلدى...

ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇھلەت توشتى. مۇسانىڭ ئىچىدە مىسىرغا نىسبەتەن يوشۇرۇن بىر سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مىسىرغا قايتقۇسى كەلگەنىدى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جازاسىنىڭ مۇددىتىمۇ توشقانىدى. ئۇ بۇنى بىلەتتى... ئەمما مىسىر قانۇنىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ بىر ئىشارىتىگىلا باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا جازا بېرىشنى خالىسا، ئۇنداق قىلىش كېرەك بولمىسىمۇ، جازانى بېرىۋېرەتتى. ئەگەر ھۆكۈمدار كەچۈرۈم قىلىشنى خالىسا، جازاغا لايىق بولسىمۇ كەچۈرىۋېتەتتى. مۇسا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. بۇ يەردە قۇتۇلۇپ قالغىنى بىلەن، مىسىردا قۇتۇلۇپ قېلىشقا ئىشەنچ قىلالمايتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىسىرغا بەكمۇ قايتقۇسى بار ئىدى.

مۇسا قارارلىرىنى تېز ھەم كەسكىن قىلاتتى. ئۇ ئايالىغا:

ـ ئەتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىمىز، ـ دېدى.

ئايالى ئۆز ـ ئۆزىگە: يولدا تېخى بىز بىلمەيدىغان مىڭلارچە خەتەر بار، ـ دېدى. ئەمما مۇسانىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

مۇسا تۇيۇقسىزلا ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان بۇ قارارىنىڭ ھېكمىتىنى بىلمەيتتى. ئون يىل بۇرۇن، مىسىردا كاللىسى ئېلىنماقچى بولغاندا قېچىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن قايتماقچى بولۇپ قالدى؟ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى سېغىنغانمىدى؟ ئۆزىنى ئۆز ئانىسىدەك باققان ۋە ياخشى كۆرىدىغان، پىرئەۋننىڭ ئايالىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدىمۇ ـ يا؟!

مىسىرغا قايتقىچە مۇسانىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت، الله نىڭ تەقدىرىگە قەتئىي بويسۇنۇش كۈچىنىڭ ئۇنى بۇ قارارنى قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇ قارارنى قىلىشى ئىدى.

ئەنە شۇ ئۇلۇغ تەقدىر ئۇنىڭ قەدەملىرىنى بەكمۇ مۇھىم بىر ئىشقا باشلىماقتا ئىدى.

مۇسا ئائىلىسى بىلەن بىللە يولغا چىقتى... ئاي قىلىن بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنگەنىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ. بىردىنلا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق، تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. مۇسا يولدىن ئېزىقىپ كەتتى. قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يولدىن ئىككى دانە تاش تېپىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئوت ياقماقچى بولدى. لېكىن

www.munber.org

بولمىدى، كۆچلۈك شامال تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئاجىز ئۆچقۇننى دەرھاللا ئۆچۈرىۋېتەتتى. مۇسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، تېترەپ تۇراتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرىۋېدى، يىراقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنى كۆردى.

مۇسا بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىگە: ئۇ يەردە بىر ئوت كۆردۈم، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگىچە سىلەر مۇشۇ يەردىن يۆتكەلمەي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار! ـ دېدى. بەلكى مۇسا ئۇ يەردىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى ياكى يول سورىغۇدەك بىرسىنى تاپاتتى ۋە ياكى ئۆزلىرى ئىسسىنغىلى بىر نەچچە پارچە ئوت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئائىلىسى مۇسا كۆرسەتكەن ئوتقا قارىدى، ئەمما ھېچنېمە كۆرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئۇ يەردە تۇرۇپ تۇرماقچى بولۇشتى. مۇسا ئوت بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مۇسا مۇزلاپ كەتكەچكە، ئۇ يەرگە بارغىچە ئۆزىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئوتۇق قولىدا ھاسىسى بار ئىدى. پۈتۈن بەدىنى يامغۇردىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ماڭە ـ ماڭە، نىھايەت ”تۇۋا“ دېگەن جىلغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ جىلغا ئىچىدە بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى. جىلغا ئىچىدە نە سوغۇق، نە شامال يوق بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت، سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. مۇسا ئوتقا يېقىنلاشتى. ئۇ ئوتقا يېقىنلاپ كېلىشىگە، بىردىنلا مۇنداق ئاۋاز كەلدى:

﴿«الله ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله پاكتۇر﴾.[1]

مۇسا چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئاۋاز مەلۇم بىر يەردىن ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردىن كېلىۋاتاتتى.

مۇسا ئوتقا ئېنچىكىلەپ قارىدى، تېنى قايتىدىن شۈركىنىپ كەتتى، ئوتنىڭ ئارىسىدا يېشىل ئۆسكەن، تىككەنلىك بىر دەرەخ تۇراتتى. ئوت قانچە كۈچەيگەنسېرى، دەرەخمۇ شۇنچە يېشىل تۈسكە كىرەتتى. ئادەتتە ياغاچ كۆيسە، قارىداپ كېتەتتى، ئەمما بۇ ئوت كۈچەيگەنسېرى ئۇ دەرەخ تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتاتتى. مۇسا شۇنچە ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي تىترىمەكتە ئىدى. دەرەخ مۇسانىڭ ئوتۇق تەرىپىدىكى غەربكە قاراپ سوزۇلغان تاغدا ئىدى. مۇسا بولسا، تۇۋا جىلغىسىدا تۇراتتى، مۇسا كۆچلۈك نۇرنىڭ كۆزلىرىگە زىيان قىلىشىدىن قورقۇپ، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە سورىدى:

ـ بۇ ئوتمۇ ياكى نۇرمۇ؟

بىردىنلا يەر ئىتائەت ۋە قورقۇنچتىن تەۋرەپ كەتتى. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ الله مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە نەمل 8 ـ ئايەت.

﴿« ئى مۇسا!﴾[1]

مۇسا بىشىنى كۆتۈرۈپ: شۇنداق، مەن مۇسا، ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە:

﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن﴾[2] دېدى.

مۇسا تىخىمۇ تىترىگەن ھالدا: شۇنداق، سەن رەببىم، ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن﴾.[3]

مۇسا پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىگەن ھالدا ئېگىلدى ۋە كەشىنى سالدى.

ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

﴿مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھىيگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللە دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولۇسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ)﴾.[4]

مۇسانىڭ بەدىنى ئىلاھىي ۋەھىينى ئىشىتىۋاتقاندا، رەببىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندا ۋە رەببى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تىخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى.

مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ »﴾.[5]

مۇسانىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ئۇلۇغ اللە ئىدى. اللە مۇسانىڭ قولىدا ھاسا تاياق تۇتۇۋاتقانلىقىنى مۇسادىنمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنداقتا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا چوڭ بىر ھېكمەت بار ئىدى.

مۇسا ئاۋازى تىترىگەن ھالدا ئېيتتى:

---

[1] سۈرە تاھا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تاھا 13 ــ 16 ـ ئايەتكىچە.
[5] سۈرە تاھا 17 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿«ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن،ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار»﴾.[1]

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ الله:

﴿«ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى﴾.[2]

مۇسا ئاجايىپ قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىنى يەرگە تاشلىدى. ھاسا بىردىنلا ناھايىتى يوغان ۋە قورقۇنچلۇق بىر يىلانغا ئايلىنىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مۇسا قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ۋۇجۇدى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا تەمشەلدى. ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشىغا الله نىڭ ئاۋازى كەلدى:

﴿«ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ﴾.[3]

﴿ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن﴾.[4]

مۇسا توختاپ قالدى. يىلان ئېخچە قىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ الله مۇساغا:

﴿«ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز﴾.[5]

مۇسا تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يىلانغا ئۇزاتتى. قولى يىلانغا تېگىشى بىلەنلا، يەنە ھاسىغا ئايلىنىپ قالدى. الله ئۇنىڭغا قايتا ئەمىر بەردى:

﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، »﴾.[6]

مۇسا قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقارغىنىدا، قولىنىڭ ئايدەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. مۇسا بۇ بولغانلاردىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. قولىنى الله نىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدى، ئۇنىڭ قورقۇنچى پۈتۈنلەي تۈگىدى.

مۇسانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. الله ھاسا ۋە قولىنىڭ مۆجىزىسىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئەمىر بەردى.

---

[1] سۈرە تاھا 18 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تاھا 19 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نەمل 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە قەسەس 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تاھا 21 ـ ئايەت.
[6] سۈرە قەسەس 32 ـ ئايەت بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ـ چىرايلىقچە اللہ غا دەۋەت قىلىشىنى ۋە بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى.

مۇسا ئۆزىنىڭ پىرئەۋندىن قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مۇسا ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقاتتى.

مۇسا اللہ قا قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزى بىلەن بىللە ئەۋەتىشىنى سوراپ يالۋۇردى. اللہ ئۆزىنىڭ ھەرقاچان ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇساغا مەدەت بەردى. پىرئەۋن ھەرقانچە ئەشەددىي ۋە قوپال بولسىمۇ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈلمەيتتى. اللہ ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى مۇساغا بىلدۈردى.

مۇسا اللہ نىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىشىنى، ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ۋە دەۋىتى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ يالۋۇردى.

ئۇلۇغ اللہ تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللہ دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن. قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ). ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟». مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار». اللہ: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى. مۇسا ئۇنى تاشلىۋېدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى. اللہ ئېيتتى: «ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز. قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز. پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن

www.munber.org

ھەددىدىن ئاشتى». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن). مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز. سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن». الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى. (بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىندىغان نەرسىلەرنى سالدۇق». (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ. سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾.[1]

ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىدىن بىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا نىمە دەپ تەبىر بېرىشىمىزنى بىلەلمىدۇق.

﴿سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾.[2]

الله مۇسانى تاللاپ، ئۆزى ئۈچۈن ئايرىپ قويدى. مانا بۇ، شەرەپنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ، بۇ پەللىگە مۇسادىن باشقا ھېچكىم ئېرىشەلمىگەندى.

مۇسا، الله دىن ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشى ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۇنى مىسىرغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ خىيالىدىن نىملەر كەچكەنلىكىنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئوي ـ خىيال ۋە راھەت ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلەر ئاياغلىشىپ، ھەقنىڭ ئامانىتىنى دەۋرىنىڭ ئەڭ ۋەھشىي ئىنسانىغا

[1] سۈرە تاھا 9 ــ 41 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تاھا 41 ـ ئايەت.

www.munber.org

يەتكۈزۈشتەك ئېغىر كۈنلەر يېتىپ كەلگەندى. مۇسا پىرئەۋننىڭ ئازغۇن بىرى ئىكەنلىكىنى، كۈرەش قىلماي تۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقلا، پىرئەۋننىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى، چوڭچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىلمەسلىككە سېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ دەۋاسىغا قارشى چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلۇغ الله ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشىنى، ئۇنى سىپايىلىق بىلەن دىنغا دەۋەت قىلىشنى بۇيرىغانىدى. الله مۇساغا پىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ۋەھيى قىلدى. پىرئەۋننىڭ مۇساغا چېقىلماسلىقى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم قىلىشتىن توختاپ، ئۇلارنى ئەركىن قويۇپ بېرىشى لازىم ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: «بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن» دەڭلار﴾[1].

بۇ، چەكلىك ئەمما مىڭلىغان مۇشكۇللۇككە دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپە ئىدى. پىرئەۋن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالغانىدى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى. ئۇلارنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيتتى، قىزلىرىنى تىرىك قويۇپ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مىلى ۋە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىگە قالغان مىراس دەپ قارايتتى.

مۇسا مىسىر نىزامىنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى قۇللاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەت، ئەجىر ۋە كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى بىلەتتى.

مۇسا الله نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، پىرئەۋن بىلەن ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن كۆرۈشتى (ئۇچراشتى).

﴿پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾.[2]

ئۇنىڭغا الله نى، الله نىڭ رەھمىتىنى، جەننىتىنى، بىر الله قا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنىڭ كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىن...

ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭ ئىنسانىي تەرەپلىرىنى ئويغىتىشقا تىرىشقىن. ئۇنىڭ مىسىرنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكىن. خالىسا، ئۇنىڭ جەننەتكە

[1] سۈرە تاھا 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 43 ـ 44 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەت الله دىن قورقۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقىن...

پىرئەۋن مۇسانىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا تىڭشىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تەختىگە كۆز تىككەن ساراڭ دەپ ئويلىدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ:

- سەن نېمە دېمەكچى؟ ئېيتە! نېمە دېمەكچىسەن! تولا گەپ قىلماي دەرھال ئېيت!

مۇسا: ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىز بىلەن بىللە مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىڭنى سورايمەن، - دېدى.

پىرئەۋن: ئۇلار مېنىڭ قۇللىرىم تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغۇدەكمەن؟ - دېدى.

مۇسا: ئۇلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ قۇللىرىدۇر، - دېدى.

پىرئەۋن مازاق قىلىپ: سەن ئىسمىڭنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىڭمۇ؟ - دېدى.

مۇسا: شۇنداق، ئىسمىم مۇسا، - دېدى.

پىرئەۋن: ئەي مۇسا! سەن شۇنداق كىچىك ۋە ئاجىز ۋاقتىڭدا، بىز نىل دەرياسىدىن سۈزۈۋالغان مۇسا ئەمەسمۇ؟ سەن بىزنىڭ سارايدا چوڭ بولغان، بىزنىڭ تامىقىمىزنى يېگەن، سۈيىمىزنى ئىچكەن، نېمەت ۋە ياخشىلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلانغان مۇسا ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنۇتمىغان بولساڭ، مىسىرلىق بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قېچىپ كەتكەن مۇسا ئەمەسمۇ؟ سەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ كۇفرىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىسەن. ئۇنداقتا، سەنمۇ كافىر سەن، ئۆلتۈرۈلۈشكە لايىقسەن؟ ئەي مۇسا! سەن مىسىر قانۇنىدىن، يەنى ئادالەتتىن قاچقان مۇسا ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كېلىپ مەن بىلەن تاكاللىشىۋاتامسەن؟ مەن بىلەن نېمە ھەققىدە تاكاللىشىۋاتىسەن؟

مۇسا پىرئەۋننىڭ ئۆزىگە ئۆتمۈشنى، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ۋەقەسى بىلەن تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگەن چاغدىمۇ كاپىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆزىنىڭ الله ۋەھيى قىلمىغان بىر يولدا ئېزىپ قالغان بىرسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

ئۇنى قەستەن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۆزىدىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىنىدىغانلىقىدىن قورقۇپ مىسىردىن قاچقانلىقىنى، كېيىنچە الله نىڭ ئۆزىگە ھېكمەت بەرگەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله شۇئەرا سۈرىسىدە مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدىكى بۇ تالاش - تارتىشنىڭ بىر قىسمىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەندى:

www.munber.org

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمگە بارغىن (ئۇلار) پىرئەۋننىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (الله نىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟» مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن هەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن. (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن) يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم كېكەچ، شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) هارۇننى (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتكىن. (ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناهىم بار، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن». الله ئېيتتى: «هەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى سېنى ئۇلار هەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ)، سىلەر مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز هەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (مۇنازىرەڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز. سىلەر پىرئەۋنگە بېرىپ: بىز هەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز. ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقتىن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار» (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتى: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن هېلىقى قىلغان ئىشىڭنى قىلمىدىڭمۇ؟ (يەنى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن». مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم. سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا هېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى﴾.[1]

مۇسانىڭ سەۋرسىز مجەزى قوزغىلىشقا باشلىدى.

پىرئەۋننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ، ياخشىلىقلىرىنى مىننەت قىلىشى ئۇنىڭ سەۋرسىز خاراكتېرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. شۇڭا مۇسا پىرئەۋنگە دەرهاللا مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ. سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر»﴾.[2]

مۇسا مۇنداق دېمەكچى ئىدى: ماڭا مىننەت قىلغان ئۇ نېمەتلىرىڭنى مەندەك بىر ئىسرائىل ئوغلىغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭ ئۈچۈن دەپ ئويلامسەن؟ بۇ نېمەتلىرىڭنى، بۇ بۈيۈك قەۋمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىشىڭ ۋە خىزمەتلىرىڭدە ئىشلەتكىنىڭنىڭ هەققى دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر بۇ شۇنداق بولسا ۋە مەنتىقە بۇنى ساڭا توغرا دەپ كۆرسەتكەن بولسا، بىز تەڭلەشكەن بولىمىز. ئارىمىزدا قەرزدارمۇ، قەرز ئىگىسىمۇ قالمىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ساڭا قىلغان خىزمىتى بىلەن سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭدىن قايسىسى تېخىمۇ بۈيۈك (چوڭ)؟ مەيلى نېمىلا بولسۇن، بۇ يەردىكى مەسىلە الله قا دەۋەت قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت ـ خالاس.

[1] سۈرە شۇئەرا 10 ــ 21 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە شۇئەرا 22 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەسىلىنى مەن ئۆز ئىچىمدىن چىقىرىپ ئوتتۇرىغا قويمىدىم ياكى مەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئەلچىسى ئەمەسمەن. ئۆزەمگە ئەلچى بولۇپمۇ كەلمىدىم. مەن پەقەت الله نىڭ ئەلچىسى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىمەن...

دەل شۇ چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭ سۆزىنى سۆزىنى بۆلدى:

﴿«ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»[1]﴾.

مۇسا ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿«ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»﴾[2].

پىرئەۋن مازاق قىلغان ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

﴿«(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى﴾.[3]

مۇسا پىرئەۋننىڭ مەسخىرىسىنى پىسەنتكە ئالمىغان ھالدا:

﴿«(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴾.[4]

پىرئەۋن مۇسا بىلەن بىرلىكتە كەلگەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا قاراپ:

﴿«سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر»﴾.[5]

مۇسا پىرئەۋننىڭ مەسخىرە ۋە تۆھمەتلىرىگە يەنە پىسەنت قىلمىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

﴿«(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار»﴾.[6]

ئۇلۇغ الله بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرە تاھادا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: «بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (الله نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ. بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، (الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرىگەن ئادەم (قاتتىق) ئازابقا

---

[1] سۈرە شۇئەرا 23 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 25 ـ ئايەت.
[4] سۈرە شۇئەرا 26 ـ ئايەت.
[5] سۈرە شۇئەرا 27 ـ ئايەت.
[6] سۈرە شۇئەرا 28 ـ ئايەت.

www.munber.org

دۇچار بولىدۇ» دەڭلار. (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى». پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)». مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴾.[1]

شۇنىسى ئېنىقكى، پىرئەۋن مۇسادىن ئالەملەرنىڭ رەببى ياكى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ رەببىنى ناھايىتى سەممىي نىيەتتە ۋە ئۇنى بىلىش نەپسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن سورىماقتا ئىدى. مۇسامۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇۋاپىق ۋە تولۇق قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

«رەببىمىز ھەرنەرسىگە مۇناسىپ شەكىل ئاتا قىلغان، ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى كۆرسەتكەن زاتتۇر».

الله بارلىق جىنس ۋە شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنى ھەر جانلىققا تۇغما خاراكتېر قىلىپ بەرگەن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۇلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

قۇرئاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن تەسۋىرلەنگەندى:

﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾.[2]

بۇ ئايەتتىن پىرئەۋننىڭ ئەقلىگە خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچنېمە يۇقمىدى. ھېچقانداق تەسىر ۋە ئىز قالدۇرالمىدى.

پىرئەۋن يەنە سوراشقا باشلىدى:

- ئۇنداقتا سېنىڭ رەببىڭگە ئىبادەت قىلمىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟

پىرئەۋن چوڭچىلىق ۋە مەسخىرىسىنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مۇسادىن دىققەتنى الله غا ئىبادەت قىلمىغان بۇرۇنقى نەسىللەرگە مەركەزلەشتۈرىدىغان بىر سوئال سورىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ سوئال - سوراقسىز ۋە جازاسىز قالمايتتى. الله ھەر

[1] سۈرە تاھا 47 ــ 52 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تاھا 50 - ئايەت.

www.munber.org

نەرسىنى بىلىدۇ. بۇرۇنقىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار اللە نىڭ دەرگاھىدا يېزىلغان، اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز دەرگاھىغا خاتىرىلەپ قويىدۇ. رەببىمىز ئازمايدۇ. يەنى ئۇ ھېچنەرسىنى چالا قويمايدۇ ۋە ئۇنۇتمايدۇ.

پىرئەۋن بۇ ھەقتە خاتىرجەم بولسۇن! اللە ھەر شەيئىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھېچبىر نەرسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

مۇسا رەببى ھەققىدىكى سۆزىنى بۇ ئايەتلەر بىلەن تاماملىدى:

﴿ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال ـ چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (اللە نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾.[①]

مۇسا پىرئەۋننىڭ دىققىتىنى اللە نىڭ كائىناتتىكى بەلگە ـ ئىشارەتلىرىگە تارتتى. ئۇنىڭغا شامالنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، يامغۇرنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلەتتى، ئاندىن تۇپراقنى يەنى اللە نىڭ ئىنساننى تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى، ئۆلگەندە قايتا تۇپراققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ۋە قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

شۇنداق، يەنە قايتا تىرىلىشمۇ بار ئىدى.

بارلىق مەۋجۇدىيەت قىيامەت كۈنى اللە نىڭ دەرگاھىغا مۇتلەق ھالدا ھازىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە پىرئەۋنمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ھەم خۇش خەۋەرچى ھەم ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلگەنىدى.

ئەمما پىرئەۋن بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىددەتلىك تۈس ئالغىلى تۇردى.

ئارىدا بولۇۋاتقان قاتتىق گەپ ـ سۆزلەر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. تالاش ـ تارتىشنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ جېدەلگە ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇسا پىرئەۋنگە ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئەمما پىرئەۋن بۇ مەنتىقىلىق سۆھبەتتىن چەتنەپ، يېڭى ـ يېڭى، مۇسا تارتىشالمايدىغان تېمىلارغا ئۆزگەرتتى. مۇساغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇنىڭغا تەھدىت سالاتتى، ھاقارەت قىلاتتى ۋە تىلغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلاتتى.

---

① سۈرە تاھا 53 ـ 55 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

پىرئەۋن مۇسا ئەكەلگەن ھەق يولغا ئارقىسىنى قىلدى. ئۇنىڭ دەۋاسىنى بىلمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە گەپ قىلىش ئۇسۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئەتراپىتىكىلەرگە مۇسانىڭ نامراتلىقىنى، قوپال يۇڭ كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى ۋە بەزى كەلىمىلەردىكى تەلەپپۇزىنى مەسخىرە قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ دىكتاتورلۇق مېتودى (ئۇسۇلى) بويىچە مۇسادىن ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا قانداق جاسارەت قىلغانلىقىنى سورىدى. مۇسا پىرئەۋننىڭ (ئىلاھ) ئىكەنلىكىنى بىلمەمتى؟ پىرئەۋننىڭ قەسرىدە چوڭ بولغان مۇسانىڭ بۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

پىرئەۋن ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پىرئەۋندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلار زىندانغا تاشلىناتتى.

ـ بىز پىرئەۋندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلارنى زىندانغا تاشلايمىز. ـ دېيىشتى ئەتراپىدىكىلەر.

﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن»﴾.[1]

مۇسا، ئەقلىي دەلىللەرنىڭ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تېنچ باشلانغان مۇنازىرە ئاۋۇال مەسخىرىگە، كېيىن قوپاللىق ۋە ھاقارەتكە، ئاخىرىدا زىندان تەھدىتىگە ئايلانغان ئىدى. مۇسا مۆجىزە كۆرسىتىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى، ئۇ بۇ تەھدىتتىن كېيىنلا پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى:

﴿«(مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟)»﴾.[2]

مۇسا پىرئەۋنگە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى، پىرئەۋنمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈردى. پىرئەۋن مۇسانىڭ مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلىشىنى تەلەپ قىلدى.

﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا، روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن»﴾.[3]

مۇسا ھاسىسىنى سارايىنىڭ چوڭ زالىغا تاشلىدى.

دەسلىپىدە، پىرئەۋن مۇسادىن ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ چوڭقۇر كەتكەچكە، ھاسا ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى دەپ ئويلىدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەرمەردىن ياسالغان زالغا تاشلانغان ھاسىغا تىكىلدى. ھاسا يەرگە چۈشۈپلا، ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىغان يوغان يىلانغا ئايلاندى. ۋەھشىي يىلان

---

[1] سۈرە شۇئەرا 29 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 30 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 32 ـ ئايەت.

www.munber.org

پىرئەۋنگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. قورقۇپ كەتكەن پىرئەۋننىڭ يۈزى تاتىرىپ، تەختىدە تۈگۈلۈپ قالدى ۋە باشقىلارنىڭ يىلاننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ۋارقىرىدى.

مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى، يىلان تەكرار ھاسىغا ئايلاندى.

بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن ھەممەيلەننىڭ تىلى تۇتۇلدى، زال سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

مۇسا ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا ئىككىنچى مۆجىزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقاردى. ئۇنىڭ قولى ئاي نۇرىدەك يورۇپ كەتتى، سارايىنىڭ لامپا ۋە شاملىرى بۇ يورۇقلۇقتا كۆرۈنمەيلا قالدى. پىرئەۋننىڭ يۈزى قورقىنىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئوپئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى. مۇسا (قوينىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى﴾.①

ساراي جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەر ئىككى مۆجىزە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. مۇسا قولىنى تەكرار قوينىغا تىقتى، قولى ئەسلىگە قايتتى.

ئىككىنچى مۆجىزە تارقاتقان نۇر پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلغانىدى. پىرئەۋن يۈزى سولغۇن ھالدا:

- ھەممىڭلار چىقىڭلار! كېيىنچە قايتا كۆرۈشىمىز، - دېدى.

مۇسا سارايدىن قايتىپ چىقتى.

پىرئەۋن نېمە قىلارىنى بىلمەلمەي قالغانىدى. ئەگەر ئۇ ئىككى مۆجىزىلىك ۋەقە مىسىرغا يېيىلىپ كەتسە ۋە خەلق مۇسا بىلەن ھارۇن ھەققىدە گەپ تارقىتىشقا باشلىسا، ئۇ چاغدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلىماقتا ئىدى. پىرئەۋن بۇ ئىشنىڭ سارايدىن سىرتقا چىقماسلىقىنى ئەمر قىلدى. ئەمما سارايىنىڭ قۇل - دېدەكلىرى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بەزىلىرى بۇ ئىككى مۆجىزىنى كۆرگەنىدى، ئۇلار بۇ ئىشنى ھەممە يەردە تارقىتىپ يۈردى.

پىرئەۋن بۇ ئىككى مۆجىزە قارشىسىدا داڭقېتىپ قالغانىدى. مۇسا ئۇنىڭ سارىيىدىن چىقىشى بىلەنلا، بۇ ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئاچچىق غەزەپكە ئايلاندى، غەزىپىنى ئەتراپىدا تۇرغان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن ئالدى. ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قويۇشىنى بۇيرىدى.

ئۇ بۇ مەسىلىنى تېنچ ئولتۇرۇپ ئويلاشقا تىرىشتى. بىر نەچچە قەدەم كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆپكىسى بېسىلمىدى. ئاندىن پۈتۈن مىسىردىكى ۋەزىر، قوماندان ۋە مەسئۇل

① سۈرە شۇئەرا 32 ـ 33 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

خادىملارنى تويلاپ، چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە قارار بەردى ۋە باش ۋەزىرى ھامانغا يىغىلىشقا شەخسەن ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پىرئەۋنىنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى يىغىلدى.

پىرئەۋن يىغىلىشقا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز سەلتەنەتىنى ئۆزىنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ چوقۇنىدىغان بىر ئىلاھى بولۇش ئاساسىغا قۇرۇشتىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنى يالغۇز بېشىغا ئىدارە قىلاتتى.

ئۇلارغا دىكتاتورلارچە مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى شورىماقتا ئىدى. مانا ئەمدى، مۇسا ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى يوق قىلىشقا كەلگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى مۇسا كائىناتتا تەۋھىدىشى ۋە ئوخشىشى بولمىغان يالغۇز بىر ئىلاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. بۇ پىرئەۋننى يالغانچى دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ پىكىر پىرئەۋنىنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

پىرئەۋن باش ۋەزىرى ھامانغا قارىدى. تارىخي يىغىلىش باشلاندى، ھېچكىم ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، پىرئەۋن يىغىلىشنى ھاماندىن سورىغان شۇ تۇيۇقسىز سوئالى بىلەن باشلىدى:

- ھامان! مەن يالغانچىمۇ؟

ھامان ھۇدۇققان ھالدا:

- پىرئەۋنگە نانكورلۇق قىلىشقا كىم جاسارەت قىلالايدۇ؟ - دەپ سورىدى.

پىرئەۋن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

- مۇساچۇ؟ ئۇ ئاسماندا بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟ - دېدى.

ھامان:

- پادىشاھىم! مۇسا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، - دېدى.

پىرئەۋنىنىڭ تاقىتى قالمىغانىدى، ئۇ بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ:

- ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىمەن، - دېدى.

ئاندىن يەنە ھامانغا قاراپ:

﴿«ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا - ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى﴾.[1]

[1] سۈرە غافىر 36 - 37 - ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پىرئەۋن ئۆزىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقالايدىغان دەرىجىدە ئېگىز بىر شوتىنىڭ ياسىلىشىنى بۇيرىدى. پىرئەۋنىنىڭ بۇ بۇيرۇقى مىسىر مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ بىناكارلىقتا بولغان قىزىقىشىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئەمما ئۇ ئۆز دەۋرىدە يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىناكارلىق قانۇنلىرىنى بىلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ھامان مۇنداق بىر نەرسىنى ياساپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پىرئەۋنگە رىياكارلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

ـ مەن ئۇنىڭ دەرھال ياسىلىشى ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىمەن. ئەمما، ھۆرمەتلىك پادىشاھىم! تۇنجى قېتىم شەخسىيىتىڭگە ئېتىراز بىلدۈرۈشىمگە رۇخسەت قىلغىن! سەن ئاسماندىن ھېچنەرسە تاپالمايسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق.

پىرئەۋن باش ۋەزىرىنىڭ بۇ ئېتىرازىنى ھەممەيلەن تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان بىر ھەقىقەتنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاڭلىدى. ئاندىن بۇ مەشھۇر يىغىلىشتىكى تارىخىي نۇتقىنى سۆزلىدى:

﴿«ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن»﴾.[1]

ھەممەيلەن باشلىرىنى ئېگىپ ئۇنى تەستىقلىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقلى جايىدا ئىككى ـ ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلار پىرئەۋنىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇن چىقارماي ئۇنى تەستىقلىدى. بۇ ۋەقە مىسىر خەلقىنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇردى. مىسىرلىق ئەسكەرلەر ئۆز قوماندانلىرىنىڭ رىياكارلىق، ۋەزىرلەرنىڭ تەستىقى ۋە كاھىنلارنىڭ پىرئەۋنىنىڭ ساراڭلىقىغا بويۇن ئېگىشىنىڭ بەدىلىنى قان ـ تەر بىلەن تۆلىدى.

ـ مۇسا ھەققىدە نېمە ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ھامان:

ـ ئۇ بىر يالغانچى، ـ دېدى.

باشقا بىر ۋەزىر:

ـ مەن ئۇنى ساراڭ دەپ ئويلايمەن، ـ دېدى.

يەنە چوڭراق بىر كاھىن ھېچنېمە دېمەسلىكتىن قورقۇپ:

ـ مەنچە ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

[1] سۈرە قەسەس 38 ـ ئايەت.

www.munber.org

پىرئەۋن سۆزگە ئارىلىشىپ:

- سىلەر ماڭا مۇسانى تەرىپلەپ بېرىۋاتىسىلەر، ئەمما تېخىچە مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭلار، - دېدى.

مۇسانىڭ ھەققىتى نېمە؟ ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھىيلە نېمە؟

مەسلىھەتچىلەر قورققانلىقى ۋە پىرئەۋنگە قىلغان ئىككى يۈزلىمچىلىك مۇئامىلىلىرىدىن كېيىن لام - جىم دېيىشمىدى. پەقەت شاتۇتىدەك تەكرارلاش ئۈچۈن، پىرئەۋنىنىڭ ئۆز ئاغزىلىرىغا گەپ سېلىپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

پىرئەۋن بۇ غەلىتە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

- قارىغاندا مۇسا بەكمۇ ئۇستا سېھىرگەردەك تۇرىدۇ. ئۇ سېھرى بىلەن سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ، سىلەر قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دىكتاتورلۇقلاردا مىللەتنىڭ كاتتىلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ دىكتاتورنىڭ ئالدىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىشى، ئۇلارنىڭ كۆزقارشىنى ئېلىش ۋە ئۇنى قايتىلاشتىن باشقا بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

مەسلىھەتچىلەر پىرئەۋنىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن:

- پىرئەۋن توغرا ئېيتىدۇ، مۇسا بىر سېھىرگەردۇر، - دېيىشتى.

مەسىلە ھەل بولدى.

مۇسا بىلەن ھارۇننى بىر نەچچە كۈن ساقلىتىپ تۇرىمىز، پىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلەرنىڭ توپلىنىشى ھەققىدىكى پەرمانىنى پۈتۈن مىسىرغا بىلدۈرىمىز، سېھىرگەرلەر كېلىپ مۇسانىڭ قارشىسىدىن يەر ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئاندىن بىز ئۇنى پۈتۈن مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا بىلدۈرىمىز. مانا بۇ، بۇ تارىخىي يىغىلىشتا ئېلىنغان قارار ئىدى. ئۇن كىشى پىرئەۋنىنىڭ سارىيىدىن ئۇلاغلىرىغا مىنگەن ھالدا چىقىپ، مىسىرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى مىسىرنىڭ ھەممە بازىرىدا: بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىغا بېرىشىغا پەرمان چۈشۈرۈلدى، - دەپ ئېلان قىلىندى.

پىرئەۋن يەنە بىر تەرەپتىن مۇسانى چاقىرىپ، ئۇنى قورقىتىشقا ۋە تەھدىت سېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مۇسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرىۋەردى.

پىرئەۋن مۇساغا:

- ئەي مۇسا! سەن بىر سېھىرگەرسەن، سېنى مىسىر خەلقىنىڭ ئالدىدا مەيدانغا چىقىرىشقا قارار بەردىم. بىر نەچچە كۈنگىچە باشقا سېھىرگەرلەر يېتىپ كېلىدۇ، - دېدى.

www.munber.org

مۇسا سورىدى:

ـ سېھىرگەرلەر بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن؟

پىرئەۋن:

ـ خەلق يىقىندا بىر ئىش ئۈچۈن يىغىلىدۇ. يەنى يىقىندا بىر بايرام كۈنى كېلىدۇ، ئۇ كۈنى ئىللىق شامال چىقىدىغان، باھارنىڭ كېلىشى بىلەن يەر يۈزى يېشىللىققا پۈركىنىدىغان بىر كۈن. بۇ يىغىلىش قورقۇنچلۇق بولىدۇ. سەن چوقۇم يېڭىلىسەن. ساڭا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش ھەققى بېرىمەن، قۇتۇلۇپ قېلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى بېرىۋاتىمەن، ـ دېدى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىۋېلىپ:

ـ ئۇنداقتا، شۇ كۈنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشتۇق، كۆرۈشۈش كۈنى سىلەرنىڭ بايرام كۈنىڭلار، ھەممەيلەن يىغىلغان ئەتىگەن ۋاقتىدا بولسۇن، ـ دېدى.

پىرئەۋن سورىدى:

ـ سەن قاچان كېلىسەن؟

مۇسا:

ـ ئىنشا الله، ئۇ كۈنى سەھەردە كېلىمەن، ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. پىر ئەۋن ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى». مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن»﴾[1].

مۇسا خاتىرجەم ۋە تەمكىن ھالدا مېڭىپ كەتتى.

سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ سارىيىغا يىغىلىشقا باشلىدى.

ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرىشىنى بۇيرىدى. سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپلا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى.

[1] سۈرە تاھا 56 ـ 59 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

پىرئەۋن ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلانغاچ، ئۇن - تىنىسىز ۋە خىيال قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە بىر - بىرلەپ قاراشقا باشلىدى. ئاندىن توساتتىن ئورنىدا تۇرۇپ:

- سېھىرگەرلەر! بىز كىچىككىنە بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلدۇق، - دېدى.

سېھىرگەرلەر باشلىرىنى ئالدىغا ئېگىپ تىڭشاشقا باشلىدى.

پىرئەۋن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆزىنى الله نىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدىغان، مۇسا ئىسىملىك بىرى كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھارۇن ئىسىملىك قېرىندىشىمۇ بار، ئەمما مۇسا قېرىندىشىغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك بىرى، سىلەرنىڭ ئۇنى بېشىنى قايتا كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بىر يېڭىۋېتىشىڭلار كېرەك! - دېدى.

سېھىرگەرلەر داۋاملىق تۆردە باشلىرىنى ئېگىپ، سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشاتتى.

پىرئەۋن:

- نېمە ئۈچۈن ھېچبىرىڭلار مۇسانىڭ سېھىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىمايسىلەر؟ - دېدى.

سېھىرگەرلەردىن بىرى پەس ئاۋازدا:

- بىز بۇنى شەخسەن پىرئەۋن جاناپلىرىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق، پادىشاھىم! بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى بۆلۈۋېتىشنى خالىمايمىز، - دېدى.

پىرئەۋن ئاچچىق بىلەن:

- مۇسا قولىدىكى ھاسىنى يەرگە ئېتىۋېدى، يوغان بىر يىلانغا ئايلاندى، ئاندىن قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقىرىۋېدى، قولى ئايدەك ئاپئاق يورۇپ كەتتى، - دېدى.

سېھىرگەرلەرنىڭ يۈزلىرىدە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، ئۇلاردىن بىرى:

- پىرئەۋن جاناپلىرى خاتىرجەم بولسۇن! بۇ بىر كونا سېھىر ئويۇنى. بىز ئۇنى "يىلان ھاسا ئويۇنى" دەپ ئاتايمىز. ھاسا يىلانغا ئۆزگەرمەيدۇ. ئەسلىدە ھاسا جىم تۇرسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى قىمىرلىغاندەك ھېس قىلىدۇ، - دېدى.

پىرئەۋن:

- سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە سىلەر بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرمايمەن. مەن پەقەت سىلەرنىڭ مۇسانى يېڭىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. بايرام كۈنى كۆرۈشمەكچى بولدۇق، پۈتۈن مىسىر خەلقى سىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سىلەر چوقۇم ئۇنى يېڭىشىڭلار كېرەك! - دېدى.

www.munber.org

پىرئەۋننىڭ سۆزى تۈگىگەنىدى. سېھىرگەرلەرنىڭ چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى، ئەمما ئۇلار تېخىچە ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشاتتى. ئارىدىن بىرى:

- پىرئەۋن جانابلىرى! بىزگە ئەڭ مۇھىم ئىش ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى، - دېدى.

پىرئەۋن چۆچۈگەن ھالدا:

- نېمە مۇھىم ئىش ئۇ؟ - دەپ سورىدى.

سېھىرگەرلەردىن بىرى:

- ئۇنى يەڭسەك، بىزگە قانداق مۇكاپات بېرىلىدۇ؟ - دېدى.

پىرئەۋن كۈلۈپ تۇرۇپ:

- سىلەرنى چوقۇم رازى قىلىمەن، سىلەر ئەڭ ئەتىۋالىق كىشىلەرگە ئايلىنىسىلەر، سارايدا سېھىرگەرلەر ئۈچۈن يېڭى ۋەزىپىلەر تەيىن قىلىمىز، بۇ ھەقتە سىلەر ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار! - دېدى.

پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇلارنىڭ چىقىشىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى تائام يېيىش ئۈچۈن ئولتۇردى. پىرئەۋننىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. تائام كەلدى. ئۇ بىر پارچە قوزا گۆشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

- مۇسا كەلگەندىن بېرى ئىشتىھايىم قاچتى. ھەر نېمىدېگەن بىلەن مۇسانىڭمۇ ئىشى تۈگەيدىغانغا ئاز قالدى، - دېدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن. الله نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىقتا لايىقمەن، راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)». پىرئەۋن (مۇساغا): «ئەگەر سەن (پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى. قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن. ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (يەنى مىسىر زېمىنى) دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟». ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭ بىر پىكىرگە كەلگۈچە) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

www.munber.org

ئـۇلار بـارلىق ئۇسـتا سېھىرگـەرلەرنى سـېنىڭ ھۇزۇرۇڭغـا ئـېلىپ كەلسـۇن». (پـىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى) سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرەلەمدۇ؟» دېدى. پىرئەۋن: «ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴾.①

بايرام كۈنى يېتىپ كەلدى.

خەلق بۇگۈن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىدى. مىسىر تەۋەسىدە بۇ ۋەقەنى بىلمىگەن ئادەم قالمىغانىدى.

پىرئەۋن ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن خەلق ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. مۇسا بىلەن ھارۇن كەلگەندە، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەندى. مەيدان پىرئەۋن ئۈچۈن ياسالغان سايىۋەننىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا راسلانغان ئىدى. پىرئەۋن ئالتۇن ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاپ، ئەسكەر ۋە قوماندانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. مۇسا بېشىنى تىك تۇتۇپ الله نى زىكىر قىلغان ھالدا تۇراتتى.

ئەتراپ پۈتۈنلەي جىمىدى، سېھىرگەرلەر مۇساغا يېقىنلىشىپ كېلىپ: ئەي مۇسا! سەن باشتا ھۈنىرىڭنى كۆرسىتەمسەن ياكى بىز كۆرسىتەيلىمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

مۇسا:

ـ سىلەر باشتا كۆرسىتىڭلار، ـ دېدى.

سېھىرگەرلەر:

ـ پىرئەۋننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن بىز سېنى يېڭىمىز، ـ دېيىشتى.

مۇسا:

ـ سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! يالغان ئېيتىپ الله قا تۆھمەت چاپلىماڭلار! الله سىلەرنى ئۆز ئازابى بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

بەزى ھەققەت ئەھلى مۇنداق دېگەنىدى: «مۇسا ئەتراپىغا قارىدى. جىبرىئىل ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئەي مۇسا! سەن الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسەن. مۇسا ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇلار پىرئەۋننىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سېھىرگەرلەر، ـ دېدى.

جىبرىئىل يەنە: سەن الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسەن. ئۇلار ھازىردىن تارتىپ ئەسىر نامىزىغىچە سېنىڭ يېنىڭدا بولىدۇ. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.»

① سۈرە ئەئراف 104 ــ 114 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

سېھىرگەرلەر كالتەك ۋە يىپلىرىنى مەيدانغا تاشلىدى. مەيدان بىردىنلا يىلانغا توشۇپ كەتتى.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپ، ئۇلارنى قورقۇتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بىر سېھىر كۆرسەتكەن بولدى.

مىسىرلىقلار بۇ سېھىرنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. پىرئەۋن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

- مۇسانىڭ ئىشى تۈگىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئۆزگىرىشىنى ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى دەپ يۈرەتتى. مانا پىرئەۋن ئۆنىڭغا قوللىرىدىكى كالتەك ۋە يىپلارنى يىلانغا ئايلاندۇرالايدىغان سېھىرگەرلەردىن ئون كىشىنى ئېلىپ كەلدى، ـ دېدى.

پىرئەۋن توختىماي كۈلۈمسىرەيتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلەرنىڭ كالتەك ۋە يىپلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قورقۇش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. جىبرىئىلنىڭ ئۆزىگە ئېيتقانلىرىنى ئەسلىدى. ئەمما يەنە قورقتى. بۇ سېھىرگەرلەر قانداقسىگە جەننەت ئەھلى بولالايدۇ؟ قانداقسىگە الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بولالايدۇ؟ مۇسا بۇنى يورۇقلۇق بىر - ئىككى سېكۇنت ئۆچۈپ قاراڭغۇلۇق پەيدا بولغان قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە ھېس قىلدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇن بىلەن بىرلىكتە پىرئەۋننىڭ قوغدىغۇچى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا جۇل ـ جۇل كىيىملىرى بىلەن تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا نىمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇسانىڭ قورقۇنچى تىنجىپ، ئىچى قايتىدىن يورۇپ كەتتى. الله ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

﴿«قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴾.[1]

مۇسا الله نىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشلىرىنى بىلىپ، خاتىرجەم بولدى. قولى تىترەشتىن توختىدى. ئۇ ھاسىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا يەرگە تاشلىدى، مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشەر - چۈشمەيلا مۆجىزە مەيدانغا كەلدى.

خەلق، سېھىرگەرلەر، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسە كۆردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېھىرگەر كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلىيالايتتى ۋە ئۇلارغا جىم تۇرغان كالتەكنى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتەلەيتتى. ئەمما شۇ ئاندا بولۇۋاتقىنى يۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىش ئىدى.

[1] سۈرە تاھا 68 ـ 69 ـ ئايەتلەر.

مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشۈپلا ناھايىتى يوغان ۋە كۈچلۈك بىر يىلانغا ئايلاندى. بۇ يىلان سېھرگەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان يىپ ۋە كالتەكلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۇتۇشقا باشلىدى.

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە سېھرگەرلەرنىڭ مەيدانغا لىق تولغان يىپ ۋە كالتەكلىرىدىن ھېچنىمە قالمىدى. مۇسانىڭ ھاسىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى. يىلان مۇساغا قاراپ ھەرىكەتلەندى.

مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى، يىلان دەرھاللا ھاسىغا ئايلاندى، سېھرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر سېھرگەرنىڭ قارشىسىدا ئەمەسلىكىنى بىلىشتى.

ئۇلار ئەڭ ئۇستا سېھرگەر ۋە زامانىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلىرى ئىدى. بىر ئاز ئاۋۋال كۆرگەنلىرى سېھرگەرلىككە ياكى ھېچقانداق بىرئىلىم ساھەسىگە كىرمەيتتى، بۇ پەقەت الله نىڭ مۆجىزىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

سېھرگەرلەر سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى ۋە: بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، - دېيىشتى.

مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى قەۋمى بۇ مۆجىزىنى ۋە سېھرگەرلەرنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇنغا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

پىرئەۋن ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سېھرگەرلەرگە:

- سىلەر مەندىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىسىلەر؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

سېھرگەرلەر:

- ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دېدى.

پىرئەۋن:

- بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلار، ئەسلىدە سىلەرگە سېھرنى ئۆگەتكەن ئۇستازىڭلار مۇسا ئىكەن. سىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىڭلار كېسىلىدۇ... خورما دەرەخلىرىگە ئېسىلىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ پىلانىڭلار، - دېدى.

سېھرگەرلەر:

- ئى پىرئەۋن! بىزگە خالىغىنىڭنى قىل!...

سېنى بۇ ئىلاھى مۆجىزە بىلەن تەڭ قىلمايمىز. بىز خاتالىقلىرىمىز ۋە سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن قىلغان سېھرلىرىمىز ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت تىلەپ رەببىمىزگە ئىمان ئېيتتۇق. الله نىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ ياخشى ۋە ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ... ئەگەر بىزنى قىينىساڭ، ئۆلتۈرسەڭ ياكى دارغا ئاسساڭ، پەقەتلا بۇ دۇنيا ھاياتىدا قىينىغان، ئۆلتۈرگەن

www.munber.org

بولىسەن، بۇمۇ ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس، بىز الله نىڭ مەغپىرىتىنى ۋە جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ـ دېيىشتى.

پىرئەۋن پۈتۈن سېھىرگەرلەرنىڭ ئېسىلىشىنى ئەمىر قىلدى.

خەلق ئۇلارنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەلدى. سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ سېھىرگەرلەر مىسىر جەمئىيىتىنىڭ سەر خىل كىشىلىرى، يەنى ئالىملىرى ئىدى.

مىسىرنىڭ ئالىملىرى ھەققەتەن سەجدە قىلغان ئىدى. ئەمما خەلق ئۇلارنى قوللىماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشكە رازى بولۇپ تۇرغان ئىدى. ھەققەتەن ئاشكارا تۇرسىمۇ، خەلق يەنىلا تاماشا قىلىپ تۇردى. ئەگەر ھەر بىرى قولىغا خىش پارچىسى ئېلىپ پىرئەۋنگە ئاتقان بولسا، پىرئەۋن يىقىلىپ مىسىر تارىخى يېڭىلانغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار يېرىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن باشلىرىغا كېلىدىغان ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.بۇ بۈيۈك كۈن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،مۇسا بىلەن ھارۇن مەيداندىن ئايرىلدى. پىرئەۋن قەسرىگە قايتتى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇسا ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تەرىپلىگەندى:

﴿ئۇلار (يەنى سېھىرگەرلەر): «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى. مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. ھەققەتەن ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە) قايتتى. سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)». پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر. سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن». سېھىرگەرلەر ئېيتتى: «بىز، ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان

www.munber.org

ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»﴾.[1]

سېھىرگەرلەر مۇسانىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىردى. الله قا ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنى ئېسىش ۋە پۇت ـ قوللىرىنى كېسىش ئۈچۈن خورما كۆتەكلىرىگە چىقىرىشتى، بەربىر ئۇلارمۇ الله نىڭ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان پېتى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىشىنى تىلىگەنىدى. مۇسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار ھازىردىن باشلاپ نامازدىكەرگىچە سېنىڭ يېنىڭدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جەننەتتە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندى.

نامازدىگەر ۋاقتى تېخى كىرمىگەنىدى. سېھىرگەرلەر، يەنى مىسىرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنىڭ قانلىرى، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى ئوق ئاتقان بەدەنلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقتى.

پىرئەۋن بۇ يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سارايدا مۇھىم يىغىن چاقىرىپ، قوشۇن قوماندانلىرىنى، ساقچى باشلىقلىرىنى ۋە كۆنىمىزدە ئاخبارات ئىدارىسى باشلىقى دېيىلىدىغان خىزمەتكە باراۋەر كېلىدىغان ھوقۇقتىكى كىشىنى، ۋەزىر ـ ئالىم ـ سېھىرگەر قاتارلىق جەمئىيەتتە تەسىر كۈچىگە ئىگە پۈتۈن ئادەملەرنى يىغدى.

پىرئەۋن ئاخبارات مۇدىرىگە (باشلىقىغا): خەلق نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئاخبارات باشلىقى:

ـ ئادەملىرىم خەلق ئارىسىدا: مۇسا ئاخىرىدا سېھىرگەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ تۈزگەن پىلانى بولغان بىر مۇسابىقىدا يەڭدى، ـ دەپ گەپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىلىنمىگەن بىر كۈچنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن (سۇيىقەست) پىلانى ئاشكارىلاندى، ـ دېدى. پىرئەۋن ساقچى باشلىقىدىن سورىدى:

سېھىرگەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى قانداق قىلدىڭلار؟

ئادەملىرىم خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مەيدان ـ بازارلارغا ئېسىپ قويدى. بىز بۇ پىلانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدۇق، ـ دېدى ساقچى باشلىقى.

ـ قوشۇن نېمە دەيدۇ؟ ـ سورىدى پىرئەۋن قوماندانىدىن.

ـ پىرئەۋننىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىش ئۈچۈن بۇيرۇق كۈتۈۋاتىدۇ، ـ دېدى قوماندان جاۋابەن.

ـ ھازىرچە قوشۇنغا كېرەك يوق، ئەمما ئالدىمىزدا ئۇنىڭغىمۇ قىلغۇدەك ئىش چىقىدۇ، ـ دېدى پىرئەۋن.

[1] سۈرە ئەئراف 115 ـ 126 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ۋەزىرلەرنىڭ چوقى ھامان ئورنىدىن مىدىرلاپ، سۆزلەش ئۈچۈن قولىنى كۆتەردى، پىرئەۋننىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن:

- مۇسا ۋە قەۋمىنىڭ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭدىن چىقىشىغا رۇخسەت بېرەمدۇق؟ - دېدى.

- ھامان! سەن كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىسەن (مېنىڭ ئويلىغىنىمنى ئويلاپسەن)، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى ساق قويىمىز، بىز ئۇلاردىن ئۈستۈنمىز، - دېدى پىرئەۋن تەلمات بېرىپ.

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تۇتۇشقا نارازىلىق قىلغانلارنى زىندانغا تاشلاشقا باشلىدى.

مۇسا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشالماي ياكى تىنجىتالماي كۆزىتەتتى. پەقەتلا مىللىتىگە (قەۋمىگە) سەۋر قىلىشنى ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ اللە تىن ياردەم تىلىشىنى، بالا - قازاغا سەۋر قىلىشنى بۇيرۇق قىلاتتى. اللە ئۈچۈن ۋايىسماستىن تاقەت ۋە سەۋرچانلىق كۆرسەتكەن مىسرلىق سېھرگەرلەرنى ئۇلگە كۆرسىتەتتى. ئۇلارغا پىرئەۋن ئەسكەرلىرى دۇنيا بىزگە تەئەللۇق دەپ ئويلايدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. چۈنكى بۇ دۇنياغا اللە تىن قورقۇپ ئۆزىنى پاك تۇتقانلار ۋارىس بولالايتتى.

پىرئەۋننىڭ بۇ ئىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ خەلقىنىڭ ئىچىگە قۇتراتقۇلۇق ۋە بەختسىزلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغاتتى.

ئۇلار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- سەن كېلىشتىن بۇرۇن زۇلۇم قىلىناتتى، سەن كەلگەندىن كېيىنمۇ قىلىنىۋاتىدۇ. ئوغۇللىرىمىز بۇرۇنمۇ ئۆلتۈرۈلگەن، مانا ھازىرمۇ ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىۋاتىدۇ.

ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق، سېنىڭ بار - يوقلۇقىڭنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. بىز پۈتۈنلەي ئىگىسىز قالدۇق، - دېمەكچى بولۇشقانىدى.

مۇسا ئۇلارنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ اللە نىڭ دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە اللە نىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى يەر يۈزىگە ۋارىس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

ئۇلار داۋاملىق ئەرز - شىكايەت قىلىشىۋاتاتتى.

مۇسا قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پىرئەۋننىڭ غەزەپ ۋە سۇيىقەستلىرىگە دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قەۋمىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، قارۇن چىقىپ كەلدى. قارۇن بەنى ئىسرائىلدىن، يەنى

www.munber.org

مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇشتۇمزورلۇق قىلاتتى، ئۇنىڭ مال ـ بايلىقى ۋە ئەۋزەل شارائىتى ئۇنى پىرئەۋنگە تېخىمۇ يېقىن قىلغانىدى.

الله قارۇننىڭ خەزىنىلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى: قارۇننىڭ خەزىنىلىرى ساقلانغان ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بىر توپ كۈچتۈڭگۈر ئادەم تەستە توشۇيتتى... خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى مۇنداق بولغىنىغا قارىغاندا، خەزىنىلەرنىڭ ئۆزى قانداق بولماقچىدى؟ قارۇننىڭ نۇرغۇن ئېتى، هارۋىسى، قول ـ دېدەك، خىزمەتچى ـ مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى.

هارۋىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قاپلانغانىدى. نەسىللىك ئاتلىرىنىڭ ئىگەرلىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەيلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تېرىلەردىن ياسالغانىدى. قارۇن هەشەمەت ئىچىدە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇراسىم ئەترىتىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى، قارۇننىڭ بۇ بايلىقى ئۇنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلمىغۇدەك دەرىجىدە مەغرۇر بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ نورمال ئەھۋال ئىدى. بايلىق ۋە مەغرۇرلۇق ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ كۆلكىسى بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر كۆلكە ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ مۇراسىم ئەترىتى پىرئەۋن ۋە هامانىڭ ئەترىتىدىن قالسا، ئەڭ مەشھۇر ئەترەت ئىدى. پىرئەۋن ۋە هامان پۈتۈن مىسىرغا هاكىم ئىدى، قارۇن بولسا مەلۇم بىر رايونغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى.

قارىغاندا، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ بەزى مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىمۇ ئازراق ئويلاپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانىدى. بەلكىم ئۇلار قارۇنغا: هېچكىم ساڭا مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، زاهىدلىق يولىغا كىرىشنى تەۋسىيە قىلمىدى، ـ دېگەن بولۇشى، ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى دۇنيالىق نېسىۋىسىنى ئۇنۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ تەۋسىيەلەر ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەنىدى. قارۇننىڭ بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىسىگە قانائەت قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ هەمىشە بۇ بايلىققا ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇسادىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى خىيال قىلاتتى. مۇسا بەكمۇ يوقسۇل، قارۇن بەكمۇ باي ئىدى. قولىغا ئالتۇن بىلەيزۈك سالالمىغان بىر يوقسۇل، ئاتلىرىنىڭ ئىگەرلىرىنى ئالتۇن بىلەن زىننەتلىگەن بىر بايدىن الله نىڭ نەزىرىدە قانداقسىگە ئۈستۈن بولسۇن؟!

شۇنىڭ بىلەن قارۇن مۇسانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پىرئەۋن بىلەن كېلىشتى. پىرئەۋن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ مال ـ بايلىقىغا قاراپ ئەخمىقانە باھا بېرەتتى.

﴿مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھسسالامدىن) ياخشىمەن»﴾.[1]

[1] سۈرە زۇخرۇف 52 ـ ئايەت.

مانا بۇ، پىرئەۋننىڭ مۇساغا بەرگەن باھاسى ئىدى. پىرئەۋن بىلەن قارۇننىڭ مەسلىھەتى پۈتتى. قارۇن مال ـ بايلىقى بىلەن پىرئەۋننىڭ ۋە ئوردا مۇلازىملىرىنىڭ دوستى ئىدى. پەقەت قارۇن، پىرئەۋن ۋە ھامان ئۈچىلا بۇ خاتا ۋە ئورۇنسىز خىيالغا ئەسىر بولۇشقانىدى. پىرئەۋننىڭ قەۋمى، يەنى مىسىرلىقلار مۇسانى "باشقا سېھىرگەرلەرنى يېڭىۋالغان ئەڭ چوڭ سېھىرگەر" دەپ بىلىشەتتى. بۇ مىسىرنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىدا مۇساغا ئىشىنىدىغانلار، ئەمما پىرئەۋننىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ ئىمانىنى ئاشكارىلىمىغانلار بار ئىدى. يەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدىمۇ مۇسا بىلەن قارۇنغا قاراپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قىياس قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا بەزىلىرى: «الله مۇسانى ياخشى كۆرگەن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يوقسۇل قىلىپ قويىدۇ؟» دېگەندەك مەنتىقسىز سوئاللارنىمۇ سورايتتى، شۇنىسى ئېنىقكى، قارۇن ئۆز قەۋمى، شۇنداقلا مىسىر خەلقى ئۈچۈن پىتنە ـ پاساتنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى.

قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقتى، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلەر ئۇنى كۆرۈشۈپ:

﴿«كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى﴾.[①]

مۆتىۋەرلەر (گەرچە سانى ئاز بولسىمۇ): قارۇننىڭ مال ـ بايلىقى الله نىڭ تارازىسىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ـ دەپ قارىشاتتى. ئىنسان نەپسى رەزىللىككە توشقان بولسا، الله ئۇنىڭ ئالتۇن، خەزىنە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مال ـ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىگە قارىمايدۇ ـ ئەلۋەتتە!

مۇسا ھەقىقەتەن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارۇن مۇساغا قارشى چىققانىدى. مۇسا بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەكمۇ نومۇسچان ئىدى.

قارۇن مۇسانى ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن، مۇسانىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان يالغان تۆھمەتتىن بىرنى ئويدۇرۇپ چىقىش ھەققىدە پىرئەۋن بىلەن كېلىشتى.

بىر كۈنى مۇسا قەۋمىنى الله قا دەۋەت قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا بىر پاھىشە ئايال چىقىپ: مەن تۈنۈگۈن كەچتە مۇسا بىلەن بىللە بولدۇم، ـ دېدى.

مۇسا بۇ ئىشقا بەكمۇ تۇيۇقسىز يولۇققانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا نېمە دېگەنلىكى ياكى ئۇ پاھىشە ئايالنىڭ تۆھمىتىگە قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

بىزنىڭ پەرەز قىلىشىمىزچە، مۇسا ئاۋۋال الله قا دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىدى. ئايال، ئەگەر بۇ

---

[①] سۈرە قەسەس 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

تۆھمەتنى مۇساغا چاپلىيالىسا، قارۇننىڭ ئۆزىگە پۇل بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئارقىدىنلا مۇسادىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە يىغلىغان پېتى يەرگە يىقىلدى.

مۇسا قارۇنغا بەددۇئا قىلدى...

ئۇلۇغ اللە ئەقلى بار كىشىلەرگە اللە نىڭ كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، مال - دۇنيانىڭ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس، بەلكى پىتنە - پاساتنىڭ سەۋەبچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بىر مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى بۇيرىدى.

مۆجىزە مەيدانغا كەلدى. قارۇننىڭ ئۆي - مۈلۈك، مال - بىسات، پۈتۈن خەزىنىلىرىنى يەر يۇتۇپ كەتتى.

قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. تۇيۇقسىزلا يەر يېرىلىپ قارۇننى يۇتۇۋەتتى. يەر قارۇن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا تەۋە سارايى - ئۆي، ھايۋانلار، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئادەملىرىنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ۋەقەنىڭ فەييۇم دېگەن جايدا يۈز بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

مىسىرلىقلار ئاتاپ كېلىۋاتقان: «قارۇننىڭ كۆلى»، «قارۇننىڭ يەر - زېمىنى» قاتارلىق جاي ناملىرى، ئۇنىڭ سارايلىرى ۋە خەزىنىلىرى ئورۇنلاشقان يەر ئىدى. قۇرئاندا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ۋە ئورنى بايان قىلىنمىغان. پەقەت ۋەقەنىڭ ئۆزىلا سۆزلەنگەنىدى. بۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئالىنغان ئىبرەتنىڭ يېنىدا ۋەقەنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىدى - ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ اللە قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، اللە ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ، اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللە ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللە نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، اللە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى اللە نىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (اللە بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەندەك بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى. ئىلىملىك

www.munber.org

كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە الله نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى. قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن الله نىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى. تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، «ۋاھ كۆردۈڭمۇ؟ الله بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن، الله بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئازۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، ۋاي كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ». ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾.[1]

بۇرۇنقى ئالىملاردىن بىر نەچچىسى قارۇنغا بېرىلگەن ئۇ ئاتالمىش ئىلىم ئۈستىدە توختالدى. بەزىلىرى ئۇ ئىلىمنىڭ قارۇننىڭ سايىسىدە كۈمۈش ئالتۇنغا ئايلىنىدىغان خىمىيە ئىلمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى مېتاللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. كونا مۇتەپەككۇرلار ئۇنىڭ ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇناپىق ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار قارۇننىڭ خىمىيە ئىلمىنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باي بولۇش سەۋەبلىرىگە توغرا كەلمەيدىغان رىۋايەتلەر ئىدى.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇ زالىم ئادەم ئىدى. ئۇ نۇرغۇن مال ـ بايلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بايلىقنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھەر يەردە قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىش، پىرئەۋن بىلەن دوست بولۇش ۋە بۇ دوستلۇق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەۋزەللىكلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئەگەر مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسە، مۇساغا قارشى چىقىش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشىنىڭمۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. مانا بۇلاردىن كېيىن، بايلىقلارنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىلىم تۈپەيلىدىن بېرىلگەنلىكى ئېيتىلسا، ئاندىن مەنتىققە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇ بۇ قەدەر مال ـ بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمىغان يالغانچىلىقى ۋە زۇلۇم قىلمىغان ئادىمى قالمىغانىدى. الله غا بولغان ئىماندىن بىر بۇغداي دانچىسىدەك بولسىمۇ يۇز ئۆرۈش ئىنسانىنى ھەقىقەتلەر بۇرمىلانغان، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغانىدىلا، ساختا گۇمانلار مەنتىقلىق ۋە مەنىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇنى تەھلىل قىلىشقا ھېچ كېرەك قالمايدۇ.

قارۇننى يەر يۇتۇشى بىلەن خەلقنىڭ كۆزى مۇساغا بۇرالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزۈندىن بېرى ئىگەللىۋالغان گۇمانلىق قاراشلار بىردىنلا غايىب بولدى.

[1] سۈرە قەسەس 76 ـ 83 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

مىسىرلىقلار ۋە بەنى ئىسرائىل بۇ مۆجىزىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندى. مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدىكى مۇجادىلە قايتىدىن يۇكسەك پەللىگە چىقتى. پىرئەۋن مۇسانىڭ ئۆز تەختىگە كۆز تىككەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلدى.

مۇسانىڭ ئەلچىلىكىدە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش، ئۆز دەۋرىنىڭ زالىم ۋە يامان كىشىلىرىنى يوق قىلىش ھۆكمى بار ئىدى. مۇسانىڭ دەۋرىدىكى زالىملار پىرئەۋننىڭ سارىيىغا يىغىلدى. پىرئەۋن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا پۈتۈن مەسىلىلەرنى چوقۇم ھەل قىلالايمەن دەپ ئويلايتتى.

پىرئەۋن:

﴿«مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن»﴾.[1]

بۇندىن كېيىن پىرئەۋننىڭ ھەق دەۋەتچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىۋالغانلىقىنى ۋە مۇسانىڭ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قورققانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇ ۋەزىر ۋە چوڭلىرىدىن ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈشىگە توسالغۇ بولۇۋالماي مەيلىگە قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماقتا. تەبىئىكى بۇنىڭدىن مۇنداق مەنە چىقىدۇ، ئۇ مۇسانى پەقەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ۋەزىر ۋە چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ھامان‍نىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە پىرئەۋننىڭ پىكرىنى قوللايدىغان مۇرتەدلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئەگەر سارايدىكى بىر ئادەم بولمىغان بولسا، تەكلىپ ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. بۇ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. قۇرئاندا ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا قۇرئاندا پەقەت ئۇنىڭ مۆمىن بىرسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى.

ئۇ ئەسلىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇ پىرئەۋننىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىپىنى بەرگەن يىغىلىشتا سۆز قىلىپ، بۇ تەكلىپنىڭ بەكمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى ۋە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئۇ مۇسانىڭ الله نىڭ ئۆزىنىڭ رەببى ئىكەنلىكىدىن باشقا بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دائىر ئوچۇق دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچىنچىسى بولمىغان ئىككىلا ئېھتىمال بار ئىدى. يەنى، مۇسا بىر يالغانچى ياكى

---

[1] سۈرە غافىر 26 ـ ئايەت.

راستچىل ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، ئۇنىڭ يالغىنى پەقەت ئۆزىگىلا ئائىت بولۇپ، ئۇ ئۆلتۈرۈلگىدەك دەرىجىدە بىر نەرسە دېمىدى ياكى بىر ئىش قىلمىدى. ئەگەر مۇسا راستچىل بولسا ۋە بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۇ بىزگە تەھدىت قىلىپ ئېيتقان ئازابتىن ئۆزىمىزنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟ تېخى تۇنۇگۇن قارۇن باي ۋە كۈچلۈك ئىدى. بۇگۈن بېشىغا كەلگەن بالانى ھەممەيلەن بىلدۇق. بىزمۇ بۇگۈن ھۆكۈمران ۋە كۈچلۈك ئەھۋالدا تۇرىۋاتىمىز، ئەگەر الله نىڭ غەزىپى كېلىپ قالسا، كىم بىزگە ياردەم قىلىدۇ. كىم بىزنى ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ؟ بىزنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىمىز ۋە يالغان سۆزلىرىمىز بىزنى چوقۇم زىيانغا ئۇچرىتىدۇ...»

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى.

ئۇ كىشى پىرئەۋنگە بولغان ساداقىتىدە سەمىمىي ئەمەسلىكىدىن ئەيىبلەنگەن ياكى مۇسانىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەتكەنلەردىن ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئۇ پىرئەۋننىڭ تەختىگە كۆز تىكىش مەقسىتىدە سۆز قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدا يالغان ئېيتىش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ياخشى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشتەك تەختلەرنىڭ ئۆرۈلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى پىرئەۋن، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ۋە ئادەملىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

پىرئەۋننىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىغان ۋە مۆمىن كىشى ئۇنى قورقۇتقان بولسىمۇ، پىرئەۋن ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بارلىق ئازغۇنلارغا ئۆرنەك بولىدىغان شۇ تارىخىي سۆزلەرنى قىلدى:

﴿«مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن»﴾.[1]

بۇ، پەقەت ئازغۇنلارنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىپ قالغاندا قىلىدىغان سۆزلىرى ئىدى... مەن سىلەرگە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتتىم... بۇ، بىزگە خاس قاراشتۇر ۋە بۇ قاراش سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇندىن باشقا قاراشلار خاتا بولۇپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە پۈتۈنلەي يوق قىلىشىمىز لازىم.

ئۇلۇغ الله بۇنى مۆئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿پىرئەۋن خاندانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر ”پەرۋەردىگارىم“ الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ،

[1] سۈرە غافىر 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

الله ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر، ئەگەر بىزگە الله نىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟» پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن»﴾.[1]

تالاش - تارتىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. پىرئەۋن ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ئۇ مۆمىن كىشىنى قايىل قىلالمىدى. مۆمىن كىشى يەنە گەپ قىلىشقا باشلىدى:

﴿«ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ، ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى الله ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (الله نىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل - پاكىتسىز) ھالدا: «الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار، الله (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ. الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (الله تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار الله نىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى الله مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ﴾.[2]

بۇ سۆز بىلەن ئالدىنقىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى قاراپ باقايلى: مۆمىن كىشى كېيىنكى سۆزىدە تارىخي ۋەقەلەرگە يەر بەردى. پىرئەۋن قەۋمىگە مۇسانىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر كەلتۈردى. ئۇنىڭغا چىقىلماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى... الله بۇنىدىن بۇرۇنقى بەزى قەۋملەرنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلغانىدى. مەسىلەن: نۇھ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى قاتارلىقلار... مىسىرنىڭ يېقىنقى تارىخىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈچلۈك دەلىل بولالايتتى. يۈسۈف ئوچۇق پاكىتلىرى بىلەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرىدە قارىغانىدى. قۇتۇلۇش كىشىلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالغاندا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانىدى. الله نىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىدە ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگەنىدى. قەدىمكى تارىختىن ئېتىبارەن، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان ئازغىنە كىشىلەر، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب

---

[1] سۇرە غافىر 28 ــ 29 ـ ئايەتلەر.
[2] سۇرە غافىر 30 ــ 35 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

كەلگەندى. ئۇلۇغ اللە ئىنكار قىلغانلارنى تويان بالاسى، قاتتىق ئاۋاز ياكى يەرنىڭ يېرىلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر بىلەن ھالاك قىلغاندى. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۇچۇن قاراپ تۇرىمىز؟ «پىرئەۋننىڭ كەينىدە تۇرساق، بىزگە زىيان ـ زەخمەت كەلمەيدۇ. ھەممىمىز بالادىن قۇتۇلۇپ قالىمىز» دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بۇ ئىلىملىك مۆمىن كىشىنىڭ سۆزلىرىدە نۇرغۇنلىغان قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بار ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇسانى ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنىڭ نەتىجىسى ئېنىق بولمىغان بىر تەكلىپ ئىكەنلىكىگە قايىل قىلغاندى. ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مۇسا ئېلىپ كەلگەن ھەق تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى. ئۇ ئەمدى ھەق توغرىسىدا ئوچۇق ـ ئوچۇق سۆزلەشكە باشلىدى.

﴿(پىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن» ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر.كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ﴾.[1]

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىمانى ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ ئىمانىنى مەخپىي تۇتۇشىنىڭ ئورنى قالمىغاندى، ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىمانىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى:

﴿ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاختىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى اللە نى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (اللە) قا دەۋەت قىلىمەن. ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (يەنى بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغىنى يوق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز اللە نىڭ دەرگاھىدۇر، (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر (سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى اللە قا تاپشۇرىمەن، اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»﴾.[2]

مۆمىن كىشى سۆزىنى بۇ جەسۇر ئىبارىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ سارايدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سارايدىكىلەر مۇسانى ئۇنتۇپ ئۇنى ئويلاشقا، ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلاشقا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى.

---

[1] سۈرە غافىر 38 ـ 40 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە غافىر 41 ـ 44 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ساراي ئىنتىزامىغا قارشى ئاھانەت دەپ قاراشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ئۇ پىرئەۋن ۋە ۋەزىرلىرىنى جەھەننەمدە ھالاك بولۇش بىلەن قورقۇتقانىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، الله پىرئەۋن ۋە ئادەملىرىنىڭ مۇسادىن ۋاز كېچىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقارغانىدى. قۇرئان بۇ ئادەمنى تارىخي مەلۇمات بولغان ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىدىغان، ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغان، شۇنداقلا ئەقلى بىلەن ھەق يولىغا ماڭىدىغان مىسىرلىق ئۆلىمالارنىڭ مىسالى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى.

پىرئەۋن بۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن مۇسا بىلەن ھەپىلىشىشنى بىر مەزگىل تاشلاپ قويىدى. مۆمىن كىشى پىرئەۋننىڭ ئۆز جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ۋە مۇھىم ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشى پىرئەۋن سارىيىنىڭ مۇسا تەرىپىدىن پارچىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يەنى بۇ مۇسانىڭ بۈيۈك غەلىبىسى ئىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلسە، مىسىرلىق ئۆلىمالار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كېتىپ، پىرئەۋن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمەي ساق قويسىمۇ خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى بىر پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، الله نىڭ ياردىمى يېتىپ كەلدى:

﴿الله ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى﴾.[1]

بۇ ئىش پىرئەۋننى خېلىلا ئاۋارە قىلدى، ئەمما ئۇ مەغرۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىكىدىن ۋاز كەچمىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مۇسا بىلەن كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، خورلاش، قىزلىرىنى تىرىك قويۇپ، ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

الله تائالا سىناش، قورقۇتۇش، مۇسا ۋە مۆئمىنلەرگە يامانلىق قىلىشنى چەكلەش، شۇنداقلا مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پىرئەۋن ئائىلىسىگە تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىردا قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرى باشلاندى.

يامغۇر ياغمىدى، نىلنىڭ سۇلىرى ئازىيىپ ھوسۇل كېمەيدى. مال باھاسى ئۆرلەپ، ئىنسانلار ئاچارچىلىقتا ئۆلۈشكە باشلىدى. ئىمانسىزلىقنىڭ، ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا دائىم بۇ جازالارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

---

[1] سۈرە غافىر 45 ـ ئايەت.

﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾①.

مىسىر خەلقى تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن الله نىڭ ئەزەلى قانۇنى بويىچە جازالاندى:

1 ـ سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشنى تاماشا قىلغانلىقى.

2 ـ ھۆكۈمرانلارنىڭ گۇمراھلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرمەسلىكى.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، پىرئەۋننىڭ قەۋمى بۇ بالايى ـ ئاپەتلەرنى غەلىتە بىر سەۋەبكە باغلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇسانىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاچلىق ـ يوقسۇللۇق ۋە قەھەتچىلىك كېلىۋاتاتتى. ئۇلار نامراتلاشتى ۋە ھەقتىن تېخمۇ ئۇزاقلاشتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەخمەق ئىدىكى، بۇ ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبى، ھەتتا يامغۇرنىڭ ياغماسلىقىنى مۇسانىڭ سېھىرگەرلىكى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مۆجىزىسى دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، بۇ ئۇلار ئەسلا ئىشەنمەيدىغان بىر مۆجىزە ئىدى. دىققەت قىلساق بىلىۋالالايمىزكى، بۇلار خەلقنىڭ پىكرى ئەمەس، بەلكى بۇ خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىپ، تەشۋىق قىلغان ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ پىكرى بولۇپ، كېيىنچە خەلق بۇنى تەكرارلايدىغان بولۇۋالغان ئىدى. ئۇلۇغ الله ئىككى ئوتتۇرىدىكى كۆرەشنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿الله قا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق. ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى. ئۇلارغا سۇ ئاپىتىنى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى﴾.②

الله پىرئەۋن باشچىلىقىدىكى مىسىرلىقلارنى بەلكى ئىمان ئېيتىپ بەنى ئىسرائىلنى مۇسا بىلەن قويۇپ بېرەر، دەپ ئۇلارغا خىلمۇخىل ئۇسۇلدا بېسىم ۋە قىيىنچىلىق پەيدا

---

① سۈرە ئەئراف 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەئراف 130 ــ 133 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

قىلدى. ئۇلارنى سۇ ئاپىتىگە دۇچار قىلدى. ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن، نىل دەرياسىغا ساپمۇساق بىر يىل كەلكۈن كەلدى. ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ، دېھقانچىلىق ۋەيران بولدى. باشتا ئاپەت ۋە ئاچلىق سۆزسىزلىقتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ قېتىم كەلكۈندىن، سۇنىڭ جىقلىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئۇلار مۇساغا قاراپ يۈگۈرۈشتى... مەسىلىگە ئۇنىڭ ئارىلىششى كېرەك ئىدى.

﴿ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، اللّٰه قا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى﴾.[①]

مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ سۇنىڭ ئۆرلىشىنى توختاتتى. سۇلار يەرگە سىڭىپ مۇنبەت تۇپراقلار پەيدا بولدى، مۇسا ئۇلارنىڭ بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىشكە دائىر بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما جاۋاب ئالالمىدى.

ئارقىدىنلا چېكەتكە مۆجىزىسى (ئاپىتى) مەيدانغا كەلدى.

اللّٰه زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى يەيدىغان چېكەتكە توپلىرىنى ئەۋەتتى، چېكەتكىلەر زىرائەت، مېۋىلەرنى يەپ تۈگەتتى. چېكەتكىلەر بارغانلىكى يەردە مىسىرلىقلارنىڭ مېۋىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمايتتى، مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ قېتىم ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇپ بېرىدىغان بولدى، مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ بۇ ئاپەتنى يوق قىلدى. چېكەتكىلەر كەلگەن يېرىگە قايتتى. دېھقانچىلىق قايتا باشلاندى، مۇسا يەنە بەنى ئىسرائىلنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىدى. ئۇلار يەنە گەپ ئۆينىتىشقا باشلىدى. دېمەككى، بەرگەن ۋەدىسىدە راستچىل ئەمەس ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىم پىت ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. پىتلەر كېسەل تارقاتتى. مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشىپ تەكرار ۋەدە قىلىشتى، مۇسا يەنە دۇئا قىلدى. لېكىن ئۇلار يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

كېيىن پاقا ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. بىردىنلا ھەممە يەر پاقىلار بىلەن تولدى. ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ يېمەكلىرى ئۈستىدە سەكرەپ، ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلدى. ئۇلار يەنە مۇساغا ۋەدە بەردى ۋە يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

ئاخىرىدا قان مۆجىزىسى مەيدانغا كەلدى. نىل سۈيى ھېچكىم ئىچەلمەيدىغان قانغا ئايلاندى.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىدىكى مۆجىزىلەر دەريا سۈيى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقانچىلىق مۇھىتىغا ئاساسەن كەلگەن ئىدى. ئەسلىدە نىل دەرياسىنىڭ پەسىيىشى، ئۆرلىشى، چېكەتكە، پىتلەر ۋە پاقىلارنىڭ بېسىپ كېتىشى مىسىرلىقلار ئۈچۈن

---

[①] سۈرە ئەئراف 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يېڭىلىق ئەمەستى. ھەيران قالارلىقى بۇ ئايەتلەر تۇيۇقسىز ۋە شىددەت بىلەن پەيدا بولۇپ، يەنە ئوخشاش سۈرئەتتە يوقاپ كېتەتتى. ئەمما ئاخىرقى مۆجىزە پەقەتلا كۆرۈلمىگەنىدى (مىسىرلىقلار كۆرۈپ باقمىغانىدى). نىل دەرياسىنىڭ قانغا ئايلىنىشى پەقەتلا مىسىرلىقلارغىلا بولۇپ، مۇسا ۋە قەۋمىگە نورمال سۇ ھالىتىدە ئىدى. ئەمما ھەرقانداق بىر مىسىرلىق ئىچىش ئۈچۈن قاچىلىرىغا سۇ ئالغاندا، قاچىنىڭ قانغا تولغانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ يېڭى ۋە قورقۇنچلۇق مۆجىزە ئالدىدا پىرئەۋن ۋە سارىيىدىكىلەر بىلەن تەڭ مىسىرلىقلارمۇ قاتتىق چۆچىدى. يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە بۇرۇنقىدەكلا ۋەدە بەردى.

مۇسا يەنە پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ ئايەتنى كۆتۈرۈۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، پىرئەۋننىڭ ئوردىسى مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ كېتىشكە ئىجازەت بەرمىدى. دەل ئەكسىچە، پىرئەۋن تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ خەلققە ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مىسىر، ھۆكۈمدارلىق ۋە بۇ مەملىكەتتە ئاقىدىغان دەريالار ئۇنىڭ ئەمەسمىدى؟

ئۇ مۇسانى سېھىرگەر، يالغانچى ۋە بىرەرتالمۇ ئالتۇن بىلەيزۈكى يوق نامرات دەپ كۆرسەتتى.

ئۇلۇغ اللە زۇخرۇف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز ھەقىقەتەن مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان شانلىق) مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق، مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ھەقىقەتەن جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ (سېنى ۋە قەۋمىڭنى بىر اللە غا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) ئەلچىسىمەن» دېدى. مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار ناگاھان مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلدى. ئۇلارغا بىر - بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن، دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق. (ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! پەرۋەردىگارىڭغا ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشتىن ئىبارەت) ئەھدى بويىچە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ (ئەگەر ئۇ دۇئايىڭ بىلەن بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە)، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» دېدى. (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىنىمىزدە، ناگاھان ئۇلار (ئەھدىنى) بۇزۇپ (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى. پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش

www.munber.org

ئۇچۇن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟» پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴾.[①]

قۇرئاننىڭ ئېيتقىنىغا قاراڭ!

پىرئەۋن مىللىتىنى (قەۋمىنى) كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، ئەركىنلىكىنى، كەلگۈسىنى ۋە ئىنسانلىقىنى مەنسىتمىسىمۇ، ئۇلار يەنە پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلىشتى.

بۇ غەلىتە ئىتائەت قىلىش ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ يولدىن چىققان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلسەك، بۇ غەلىتىلىككە ھەيران قالمايمىز. ھەق يولدىن چىقىش ئىنسانلارنى كېلەچەكلىرىنى، مەنپەئەتلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە ئاخىرىدا ھالاك قىلىدۇ. مانا بۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق﴾.[②]

پىرئەۋننىڭ مۇساغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولدى، ئۇ بەنى ئىسرائىلنى قىيناشتىن، مىللىتىگە (قەۋمىگە) مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى.

بۇ ۋاقىتتا، مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋنگە بەتدۇئا قىلدى.

﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۇچۇن - ئى پەرۋەردىگارىمىز! - پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن». الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»﴾.[③]

مۇساغا مىسىردىن چىقىشقا رۇخسەت بېرىلدى، مۇسا قەۋمىنى ئالدى. غەلىتە يېرى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخىچە ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

ئۇلۇغ الله يۇنۇس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

---

[①] سۈرە زۇخرۇف 44 ـ 56 ـ ئايەتكىچە.
[②] سۈرە زۇخرۇف 55 ــ 56 ـ ئايەتلەر.
[③] سۈرە يۇنۇس 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

﴿مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان ھالدا ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن زېمىندا (يەنى مىسىر زېمىنىدا) شەك ـ شۈبھىسىز مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىندۇر﴾.[1]

ئىش پۈتتى، الله پىرئەۋنگە بىر مەزگىل ۋاقىت بەرگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى تىزگىنلەش قارارىغا كەلدى، مۇساغا چىقىش ئىجازىتى بېرىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى بىر بايرامنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پىرئەۋندىن رۇخسەت سورىدى. پىرئەۋن خالىمىسىمۇ يەنىلا ئىجازەت بەردى. ئىسرائىل ئەۋلادى چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتى، ئۇلار زىبۇ زىننەتلىرىنى توپلىدى، مىسىرلىقلاردىنمۇ نۇرغۇن ئالتۇن، زىبۇ زىننەت ئارىيەت ئالدى. كېچىسى مۇسا كېلىپ، ئۇلارنى شام دىيارىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قىزىل دېڭىزغا قاراپ يولغا چىقتى، پىرئەۋنىڭ ئادەملىرى ۋە جاسۇسلىرى ھەرىكەتتە ئىدى. پىرئەۋنگە مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. پىرئەۋن چوڭ قوشۇننىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى، پىرئەۋن قوشۇن يىغىشنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى غەلىتە سۆز بىلەن ئىپادىلىدى (قوشۇن يىغىشقا سەۋەب دەپ كۆرسەتكەن غەلىتە دەلىلنى قۇرئاندىن كۆرەيلى):

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدى﴾.[2]

ئۇ: «مۇسا شەخسەن مېنى غەزەپلەندۈردى. ھەم بۇرۇنلا سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارغا نەپرىتىمىز بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇنداقكەن، بۇ بىر ئۇرۇشتۇر» دېدى.

پىرئەۋن ئوچۇق ـ ئاشكارا گۇمراھ ئىدى. ئۇ نىيىتىنى بۈيۈك سۆزلەر، مەسىلەن، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى ياكى بىكارغا ئىشلەپ بېرىدىغان قۇللار كەتسە، ئىقتىسادىي سىستېمىمىز بۇزۇلىدۇ، ـ دېگەندەك گەپلەر بىلەن يۇشۇرۇپ يۇرمىدى. بۇنى قەتئىي تىلغا ئالمىدى. پەقەتلا ئۆزىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئېيتتى، مۇسا ئۇنى خاپا قىلغان ئىدى. بۇ، قوشۇن يىغىشقا يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. خەلق ھەر بىر يالغانچىلىقتىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا سانسىز قېتىم ئىشەنگەن، ھېچ كىم ئۇنىڭغا قارشى چىقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇن يىغىشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، بۇ ئەمىر پىرئەۋننىڭ شەخسىي زوراۋانلىقى بولۇپ پۈتۈنلەي يېتەرلىك ئىدى. پىرئەۋن قوشۇنى قوزغىلىپ مۇسانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. پىرئەۋن ئەسكەرلىرىنى ئويلىغان ۋە كۆلۈمىسىرىگەن ھالدا ئۇرۇش ھارۋىسىغا چىقتى.

بۇنى دەسلەپتىلا قىلغان ۋە مۇسانى ئۆلتۈرگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مانا ھازىر مۇسانى ئۆلتۈرۈپ، مەسىلىنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 83 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 55 ـ ئايەت.

www.munber.org

مۇسا قىزىل دېڭىزغا كېلىپ توختىدى، يىراقتىن بىر بۇلۇت كۆتىرىلىپ پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بېشارەت قىلدى. ئارقىدىنلا قوشۇنىنىڭ بايراقلىرى كۆرۈندى. مۇسانىڭ قەۋمى قورقۇشقا باشلىدى، ئەھۋال مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىدى، ئالدىدا دېڭىز ئارقىسىدا دۈشمەن بولغاچق،ا جەڭ قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار باللار، ئاياللار ۋە قورالسىز ئەرلەردىن تەركىپ تاپقاچقا، پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىشى ئېنىق ئىدى.

قەۋمنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى: پىرئەۋن بىزگە يېتىشىۋالدىغان بولدى، ـ دېيىشىپ ۋارقىرغىلى تۇردى.

ـ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم مەن بىلەن بىللە، ئۇ مېنى قۇتقۇزىدۇ، ـ دېدى مۇسا.

مۇسانىڭ بۇ چاغدا نېمە ئويلىغانلىقىنى، قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما بۇ ئىشەنچ بىلەن اللە قا يۈزلىنىشى بىلەن تەڭلا اللە ئۇنىڭغا ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. مۇسا پىرئەۋن قوشۇنى ئالدىدا دېڭىزغا ھاسىسىنى ئۇرۇشىنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىش يولى يوقلۇقىنى بايقىدى. لېكىن، اللە نىڭ ئىرادىسى ئىنسان مەنتىقىسىگە خىلاپ ئاجايىپ سەۋەبلەر بىلەن ئىشقا ئاشاتتى. اللە مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى خالىغان، مۇسانىڭ دېڭىزنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇشنى ۋەھيى قىلغان ئىدى. اللە دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئۈچۈن پەقەتلا ھاسىسىنىڭ دېڭىزغا ئۇرۇلىشىنى سەۋەب قىلدى. مۇسا ھاسىسىنى يۇقىرىغا كۆتەرگىنىدە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال زېمىنغا چۈشتى.

مۇسا ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇردى ۋە دېڭىز ئىككىگە ئايرىلىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىدە دېڭىز دولقۇنلىرى بولغان، قاتتىق ۋە قۇرۇق بىر يول ئېچىلدى. مۇسا ۋە قەۋمى مېڭىپ دېڭىزدىن ئۆتتى. مۆجىزە قورقۇنچلۇق ئىدى. دېڭىز دولقۇنى بىر پەسىيىپ بىر ئۆرلەيتتى، ئۇلار ئېچىلغان يولدا مېڭىۋاتقاندا گويا بىر سىرلىق قول ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن ياكى ھۆل بولۇپ كېتىشتىن قوغداۋاتاتتى. ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولدى.

بۇ چاغدا، پىرئەۋن دېڭىزغا يېتىپ كەلدى. مۆجىزىنى، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېچىلغان قۇرۇق يولنى كۆردى. قورققان بولسىمۇ، جاھىللىق بىلەن ئۇرۇش ھارۋىسىنىڭ ھارۋىكەشكە ئىلگىرىلەشنى بۇيرىدى. قوشۇن ئارقىسىدىن ماڭدى.

مۇسا دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپ، دېڭىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىغا قايتىشى ئۈچۈن ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرماقچى بولىۋىدى. اللە دېڭىزنىڭ شۇ پېتى قېلىشىنى بۇيرىدى. مۇسا قەۋمىنىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن دېڭىز بىلەن پىرئەۋندىن ئايرىلىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئەگەر ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇپ، دېڭىز ئەسلىگە قايتقان بولسا ئىدى. مۇسامۇ

قۇتۇلاتتى، پىرئەۋنمۇ قۇتۇلغان بولاتتى. ئەمما الله تائالا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولۇشىنى خالىدى، شۇڭا مۇساغا دېڭىزغا چېقىلماسلىقنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى ۋەھيى قىلدى:

﴿دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنغۇچى قوشۇندۇر ››﴾.[1]

پىرئەۋن قوشۇنى بىلەن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى، ئۇلار قارشى قىرغاققا يېقىنلىغاندا ئۇلۇغ الله جىبرىئىلغا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئەمر قىلدى. جىبرىئىل بەجا كەلتۈردى.

دېڭىز دولقۇنى قوشۇلۇپ، پىرئەۋن ۋە قوشۇننى قوينىغا ئالدى. پىرئەۋن ۋە قوشۇنى غەرق بولدى. جاھىللىق غەرق بولۇپ، ئىمان غەلىبە قىلغان ئىدى.

پىرئەۋن سۇدا تۇنجۇقۇۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆردى. جېنى تومشۇقىغا كېلىپ، پەردىلەنگەن كۆزى ئېچىلغىنىدا، مۇسانىڭ توغرىلىقىنى (ھەقلىق ئىكەنلىكىنى)، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى﴾.[2]

ئەمدى قىلغان تۆۋىنىڭ پايدىسى يوق بولۇپ قوبۇل قىلىنمايتتى. بۇ ئازابنى كۆرگەن ۋە سەكراتقا چۈشكەندە قىلىنغان تۆۋبە ئىدى. جىبرىئىل دېدى:

﴿(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى الله قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾.[3]

ئەمدى تۆۋبىگە يەر يوق، ساڭا بېرىلگەن تەۋبە قىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشتى، ئىش تۈگىدى. ئەمدى ساڭا قۇتۇلۇش يوق. پەقەتلا جەستىڭ قۇتۇلىدۇ... سەن ئۆلىسەن.

سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن دېڭىز دولقۇنى جەستىڭنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ.

﴿سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەستىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەستىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز) ››. نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾.[1]

---

[1] سۈرە دۇخان 24 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 90 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 91 ـ ئايەت.

www.munber.org

پىرئەۋننىڭ بىشىدىن ئۆتكىنى اللە نىڭ قۇللىرى ئۈچۈن ئەزەلدىن بىرى يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر قانۇننىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىدى. ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقان ئىماننىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

ئۇلۇغ اللە مۆئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر اللە قا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اللە قا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللە نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾.[2]

ئۇلۇغ اللە پىرئەۋن بىلەن مۇسانىڭ كۈرىشىنى شۇئەرا سۈرىسىدە مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

﴿بىز مۇساغا: «كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر، (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز». بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ)، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ». بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق). مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق. بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.[3]

---

[1] سۈرە يۇنۇس 92 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غافىر 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە شۇئەرا 52 ـ 68 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

گۇمراھ پىرئەۋن ئۈستىگە پەردە يېپىلدى. دولقۇنلار ئۇنىڭ جەسىتىنى قىرغاققا ئاتتى. ئۆزىنى ئىلاھ چاغلىغان ھەمدە ھېچكىم قارشىلىق قىلالمىغان بۇ ئادەمنىڭ جەسىتىنى دولقۇنلارنىڭ قايسى قىرغاققا ئاتقانلىقىنى بىلمەيمىز.

كۈچلۈك بىر ئېھتىمالغا قارىغاندا، دولقۇنلار جەسەتنى غەربىي قىرغاققا ئاتقاندى. مىسىرلىقلار ئۇنى كۆرۈپ چوقۇنغان ۋە ئىتائەت قىلغان ئىلاھنىڭ ئۆزىدىن ئۆلۈمنى قايتۇرۇۋېتەلمەيدىغان بىر قۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇنىڭدىن كېيىن... مىسىرلىقلار ھەققىدىكى قىسسە پەردىسى يېپىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە پىرئەۋن ھۆكۈمرانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن، مىسىرلىقلارنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئېيتمايدۇ، پىرئەۋن ۋە خەلقىنىڭ ياسىغان قۇرۇلۇش - ئىمارەتلىرىنى الله يىقىتقان ۋە ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، مىسىر خەلقىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىمۇ سۆزلەنمەيدۇ.

قۇرئاندا مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قىسسىسى قايتىدىن باشلىدى.

ئۇ ئىككىسى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتكەندى. مىسىرنىڭ پىرئەۋنى مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلگەندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىكى تەسىرى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆز كۈچىنى يوقاتمىدى.

پىرئەۋن ئىسرائىل قەۋمىنى الله دىن باشقىسىغا بويۇن ئېگىشكە كۆندۈرىۋەتكەندى. يەنى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يەڭگۈچىلەرگە ھاڭۋېقىپ قارايدىغان بولۇپ قالغاچقا ۋە پىرئەۋن ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، ئۇلار تەرسالىق ۋە نادانلىق بىلەن مۇساغا كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزدى.

دېڭىز سۈيىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش مۆجىزىسى ئۇلارنىڭ ئەقلىدىن ھېچ چىقمىغانىدى. يەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ بۇتپەرەس قەۋمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن بىرى نۇرغۇنلىغان پالاكەتكە دۇچ كەلدى. بۇ زۇلۇملاردىن تويۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزلىرىگە ئىمانىنى نىسىپ قىلغان الله قا ھەمدى ئېيتىشىنىڭ ئورنىغا، مۇسادىن مىسىرلىقلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بىر ئىلاھ كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇتلارغا چوقۇنۇش ھەۋىسى تۇغۇلدى ۋە مۇسادىن بۇت تەلەپ قىلىشتى. مۇسا ئۇلارنىڭ بەكمۇ نادان ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران

بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر. مۇسا: «الله سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟» دېدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (خورلاپ ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى﴾.①

مۇسا قەۋمىنى باشلاپ سىنا چۆلىگە كەلدى. چۆلدە نە دەرەخ، نە يېگۈدەك ـ ئىچكۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. الله ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇلۇتلارنى ئۇلارغا سايىۋەن قىلىپ ئەۋەتتى. تەرەنجىبىن بەزى مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئېقىپ چىقىدىغان تاتلىق ماددا بولۇپ، شاماللار بۇ ماددىلارنى ياپراقلارنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۆدۈنە بولسا، قۇش تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، مۇسا ھاسىسى بىلەن بىر تاشقا ئۇرىۋىدى. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. ئىسرائىل قەۋمى 12 قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، الله ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بۇلاق چىقىرىپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئۇ قۇترانقۇلۇق تۈيغۇلىرى جىم تۇرمىدى. ئۇلار مۇسادىن بۇ يېمەكلەردىن زېرىككەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ پىياز، سامساق، پۇرچاق، يېسىمۇقلارنى يېگۈلىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇلار مىسىرنىڭ ئەنئەنىۋي ئوزۇقلۇقى ئىدى. شۇڭا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسانىڭ بۇلارنى تۇپراقتىن چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

مۇسا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە مىسىردىكى ئۇ رەزىل كۈنلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەڭ ياخشىسى بېرىلسە، ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەڭ ناچارلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇلۇغ الله سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى﴾.②

مۇسا قەۋمىنى قۇددۇس تەرەپكە باشلاپ ماڭدى ۋە قەۋمىگە قۇددۇسقا بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى بۇيرىدى.

---

① سۈرە ئەئراف 138 ـ 141 ـ ئايەتكىچە.
② سۈرە بەقەرە 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مانا بۇ، ئۇلارغا قىلىنغان ئاخىرقى سىناق ئىدى. ئۆزلىرىگە كەلگەن ئۇ مۆجىزىلەردىن كېيىن (مۆمىن بولغانلىقى ئۈچۈن)، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇشىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەنىدى.

ئەمما مۇسانىڭ قەۋمى ئۇ مۇقەددەس يەرگە كىرىشنى رەت قىلدى.

مۇسا ئۇلارغا الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى، يەنى ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەر چىقارغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پىرئەۋننىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھۆكۈمران قەۋم قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا دۇنيادا ھېچبىر قەۋمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

قەۋمى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېيىشتى: ئۇ يەردە بەكمۇ زالىم بىر قەۋم بار. ئۇلار ئۇ يەردىن چىقمىغۇچە، بىز ئۇ يەرگە كىرەلمەيمىز.

پۈتۈن قەۋمدىن پەقەت ئىككى كىشىلا مۇسا بىلەن ھارۇنغا قېتىلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 600 مىڭ كىشى ئىدى. ئەمما مۇسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان ئىككىلا كىشىنى تاپالىدى.

بۇ ئىككى كىشى مۇقەددەس زېمىنغا كىرىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەۋمنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۆزلىرىنىڭ پەقەت شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرسىلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئىسرائىل قەۋمى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرۇشاتتى.

ئىسرائىل قەۋمى بۇتقا چوقۇنىدىغان قەۋمنى كۆرۈپلا كونا خۇيلىرىغا قايتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇساغا داۋاملىق يولسىزلىق قىلىپ، ئۇرۇشۇشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. نەھايەت، ئىسرائىل قەۋمى مۇساغا مۇنۇ مەشھۇر سۆزنى قىلدى:

﴿«سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى!» دېدى﴾.[①]

ئۇلار بۇ سۆزنى قىلچە تەپتارتماي، ئويئوچۇق دېگەنىدى.

مۇسا ئۆز قەۋمىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. گەرچە پىرئەۋن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئىسرائىل قەۋمىدە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆچمەيدىغان تەسىر قالدۇرغانىدى. مۇسا پەرۋەردىگارىغا پەقەت ئۆزى قېرىندىشىدىن باشقىلارنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە الله نىڭ ئۆزى بىلەن قەۋمنى ئايرىۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

[①] سۈرە مائىدە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللە تەبىئىتى بۇزۇلغان ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆز ھۆكمىنى چۈشۈردى. يەنى ئۇلارنى 40 يىل، تاكى ئۆلۈپ تۈگىگىچە ياكى قىرىپ ھالىدىن كەتكۈچە سىنا چۆلىدە ئېزىپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلدى. بۇ نەسىل تۈگىگەندىن كېيىن، ئورنىغا باشقا بىر نەسىل، ھېچكىمگە يېڭىلمەيدىغان، ئۇرۇشۇپ زەپەر قازىنىدىغان بىر نەسىل ۋۇجۇتقا كېلەتتى.

ئۇلۇغ اللە مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللە نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، اللە ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى. ئى قەۋمىم! اللە سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر». ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى. اللە دىن قورققۇچىلاردىن بولغان، اللە نىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (اللە نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اللە قا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى. مۇسا دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن». اللە دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن»﴾.[1]

ئۇلار ئېزىقىپ يۈرۈشكە باشلىدى. بىر يەردىن يۈرۈشكە باشلاپ بىر يەردە توختايتتى، توختىغان يەردىن يەنە يۈرۈپ ئاۋۋال باشلىغان يەرگە بېرىپ توختايتتى.

ئۇلار بۇ تەرىقىدە كېچە ـ كۈندۈز، ئەتىگەن ـ ئاخشىمى توختىماي يۈرۈپ، سىنا چۆلىگە كىرىپ كەتتى.

---

[1] سۈرە مائىدە 20 ـ 26 ـ ئايەتكىچە.

مۇسا تۇنجى قېتىم الله بىلەن سۆزلەشكەن يەرگە قاراپ ماڭدى. ئىسرائىل قەۋمى تۇر تېغىنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. مۇسا ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقىپ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ يەردە مۇساغا تەۋرات چۈشۈرۈلدى.

مۇسا الله بىلەن سۆزلەشكىلى مېڭىشتىن بۇرۇن، قېرىندىشى ھارۇننى قەۋمىگە باش قىلىپ قويغانىدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴾.[1]

رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: مۇسا كېچە ـ كۈندۈز ھېچنېمە يېمەي ساق 30 كۈن روزا تۇتتى. كېيىن الله بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يولدا كېتىۋېتىپ ئاغزىغا بىر يۇپۇرماقنى سىلىۋالدى. الله ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن روزاڭنى بۇزدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەسلىدە الله ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. مۇسا: ئى رەببىم؟ سەن بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىمنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن قورقتۇم، ـ دېدى.

الله: ئى مۇسا! مەن ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزى ئەنبەردىنمۇ خۇش پۇرايدۇ. سەن قايتىپ، يەنە ئون كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن قايتا كەل! ـ دېدى. مۇسا الله نىڭ دېگىنىنى قىلدى.

مۇسانىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇزنىڭ ئورنىغا قىرىق كۈن روزا تۇتقانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىزگە مەلۇم بولغىنى، پەقەت الله نىڭ ئون كۈننى قوشۇپ قويۇشى ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىشى ئىدى.

مۇساغا تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ۋەسىيەت بېرىلدى:

1 ـ يالغۇز ۋە شېرىكى بولمىغان الله قا ئىبادەت قىلىش.

2 ـ الله نىڭ ئىسمى بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچمەسلىك.

3 ـ شەنبە كۈندىكى ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇش (شەنبە كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش).

4 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.

5 ـ ئىنئام ۋە ئىكرام قىلغۇچىنىڭ پەقەت الله ئىكەنلىكىنى بىلىش.

[1] سۈرە ئەئراف 142 ـ ئايەت.

www.munber.org

6 ـ ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك.

7 ـ تارازىدا ھىيلە ئىشلەتمەسلىك.

8 ـ ئوغرىلىق قىلماسلىق.

9 ـ يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك.

10 ـ دوست ـ بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە، ئايالىغا ۋە مېلىغا (قول ـ چۆرىسى، ئۆكۈز ۋە ئېشىكىگە) كۆز تىكمەسلىك.

سەلەپ ئالىملىرى: قۇرئاندىكى ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇ ئون ۋەسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دېيىشىدۇ.

بۇ ئىككى ئايەت ئەنئام سۈرىسىدە يەر ئالماقتا:

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، اللە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، اللە نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ. اللە قا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ»﴾.[1]

ئۇلۇغ اللە مۇسانىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تاغقا چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى، يەنى ئۇنىڭ قىرىق كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق رەببىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىدىن دىلى يايراپ، پەرۋەردىگارىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئەمما بىز، ئۇ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇنىڭ قانداق تۇيغۇلارغا چۆمگەنلىكىنى بىلمەيمىز.

كۆپىنچە ھاللاردا، ئىنسانىي سۆيگۈ ئىنسانلارنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى ئۇ تۇرسا، ئىلاھىي سۆيگۈدە ئىنسانىڭ نېمە ھەددى بار؟

[1] سۈرە ئەنئام 151 ـ 152 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ھېسسىياتى، ياراتقۇچىسىغا بولغان سۆيگۈسى ۋە ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان مىجەزى ئۇنىڭ الله نى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى﴾.[1]

شۇنداق قىلىپ، مۇسا مەشھۇر ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ئىدىيىسى بىلەن پەرۋەردىگارىدىن بۇنى تەلەپ قىلدى. ھەقتىن ئۇنىڭغا جاۋاب كەلدى:

﴿الله: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنسانىنىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ)» دېدى﴾.[2]

ئۇلۇغ الله نىڭ بۇ سۆزلىرى مۇسا ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئەمما بۇ سۆيگۈ مۇسانىڭ ئىلاھىي سۆيگۈسى بولۇپ، مۇسا بۇ سۆيگۈنىڭ تەسىرىدە تەۋەككۇلچىلىك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا الله مۇساغا شاپائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى ھېچبىر مەۋجۇدىيەت الله نىڭ نۇرىغا تاقەت قىلالمايتتى. الله مۇسانى تاغقا قاراشقا بۇيرىدى. ئەگەر تاغ ئۆز ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مۇسا الله نى كۆرەلەيتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېدى:

﴿لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى﴾.[3]

الله نىڭ نۇرىغا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ.

مۇسا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندى ۋە بۇنى كۆزى بىلەن كۆردى. مۇسا ھوشىدىن كەتكەندى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە:

﴿«(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾.[4]

بۇرۇنقى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتلەر ھەققىدە كۆپ توختالدى. مەسىلەن، مۇسانىڭ بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن الله نى كۆرمەكچى بولغانلىقىنى تەتقىق قىلدى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرلەشتى. مۇئتەزەلەر پىرقىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە خاس كۆز قارىشى بار ئىدى. ئەھلى سۈننەتلەرنىڭمۇ شۇنداق. بۇ يەردىكى بىردىنبىر مەسىلە شۇكى، مۇسا پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئىچىدە الله قا ئەڭ يېقىن تۇرۇپ، الله نى كۆرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداقمۇ بىلمىگەنىدى؟ بۇ ئارقىلىق ئايەتنىڭ مەنىسىنى تېگى - تەكتىگىچە تەتقىق قىلىشنى تاشلاپ، ئەھمىيىتى يوق ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ يۈردۇق.

شۇنداق دەپ ئويلاشقا بولىدۇكى، ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئاشىقنىڭ ئۆرنەك مىسالى بولغان مۇسانىڭ بۇ ئەھۋالى ھاياتنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. كۆز ئالدىمىزدا الله سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى تۇرماقتا... سۆيگۈ - كۆرۈشتىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلۇغ ۋە ئەزىز الله نى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ، ئەقلى جايىدا ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەر ئۈچۈن توغرا ھۆكۈمدۇر. ئەمما سۆيگۈ ھېچقاچان مەنتىق بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ۋەيا چەك - چېگرا تونۇمايدۇ... مۇسا بىر قېتىم سىناپ باقتى، ئۇ ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن سىنىغانىدى.

ئارزۇ ھەققىدە ئارىمىزدىكى ئەڭ جەسۇر ۋە ئەڭ ئاۋۋال ھوشىدىن كەتكەن مۇسا پاك ۋۇجۇدى ۋە روھى بىلەن ھېچبىر كىشىنىڭ الله نۇرىغا تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇندىلا ئۇ چۈشىنىپ يېتىپ، قۇسۇرسىز الله قا تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتتى:

﴿«(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾.[1]

مۇسا نېمىشقا تەۋبە قىلدى.

تەسەۋۋۇرچىلار ئۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمكانسىز ئىشنى ئارزۇلىغان بۈيۈك سۆيگۈ تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن تەۋبە قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بۇ قايىل قىلارلىق تەپسىرنى قۇرئان ئايەتلىرىمۇ توغرىلايدۇ. الله نىڭ ئايەتلىرىگە قارىغاندا، بەرگەن نېمەتلىرىنى ئۇنىڭغا خاتىرلەتكەن ئۇلۇغ الله مۇساغا:

﴿«ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن». بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز - نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن﴾.[2]

[1] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 144 ـــ 145 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار الله نىڭ مۇساغا سۆزلىگەن شۇ سۆزلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

﴿«ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم﴾.[1]

ئۇلار مۇسا بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ، تاللاشنىڭ پەقەتلا ئۆز دەۋرىگە خاس ئىكەنلىكىنى، مۇسادىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نىڭ مۇسادىن ئۈستۈنلىكىنى تەكىتلەشتى ۋە يەنە بۇ تاللاشنىڭ مۇسادىن كېيىنكى دەۋرگىمۇ ئۆيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ دەۋردە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بارلىقىنى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئىبراھىم ۋە مۇسادىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز بۇ مۇنازىرىدىن يىراق تۇرۇشنى خالايمىز. ئەمما بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى تەڭ كۆرگىنىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ الله بەزى پەيغەمبەرلەرنى بەزىلىرىدىن ئۈستۈن، بەزىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ئەمما بۇ ئۈستۈن تۇتۇش بىز ئۈچۈن راۋا ئەمەس. بىز پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان سۆيگۈسىدە بولۇشىمىز، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىمىز، ئۇلارغا ئوخشاش (تەڭ دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشىمىز، خاتالىق سادىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا ياكى الله تەرىپىدىن تاللانغان ـ تاللانمىغانلىقىغا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنچ ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئۇلارنى تاللاش ئەدەبسىزلىكتۇر.

مۇسا رەببى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ۋە ئازابلانغان ھالدا قايتتى. پۈتۈن كائىناتتا ئۇنىڭدەك خۇشپېئىل بىرى بولمىسىمۇ، ئەمما رەببىدىن يامان خەۋەرنى ئاڭلىغاچقا، قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ۋە ئازابلانغان ئىدى.

ئۇلۇغ الله تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇر سىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدۇق. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم». الله ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى». مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى﴾.[2]

مۇسا تەۋرات لەۋھەلىرىنى ئېلىپ تاغ چوققىسىدىن نەپرەت ۋە ئازاب بىلەن پەسكە ـ قەۋمىگە قاراپ مېڭىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 83 ــ 86 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

مۇسا رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلىپ تۇرىشىغا سامىر پىتنە - تېرىدى. بۇ پىتنىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىققان چاغدا بايرام يىغىلىشىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن مىسىرلىقلاردىن ئالغان نۇرغۇن ئالتۇن - زىبۇزىننەتلىرى دىڭىزنىڭ يېرىلىشى مۆجىزىسىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىدا قالغان ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۇلارغا ھالال ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۇلاردىن ئېلىپ يەرگە كۆمدى. ئۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىرقاپ يۈرگەچكە ئالتۇنغا ئېھتىياجى يوق ئىدى. مۇسانىڭ ئۆز قېرىندىشى ھارۇن ئالتۇنلارنى بىر ئورەك كولاپ كۆمۈۋاتقاندا سامىر كۆرۈپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئالتۇنلارنى چىقىرىپ ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن مىسىر ئىلاھلىرىدىن "موزاي ئاپىس" قا ئوخشايدىغان بىر موزاي ھەيكىلى ياسىدى. قارىغاندا، سامىرى يا ئۇستا ھەيكەلتاراش ياكى قابىلىيەتلىك زەرگەر ئىدى.

موزاينىڭ ئىچىنى بوش قىلىپ ياساپ، ئارقىسىدىكى بوشلۇقتىن كىرگەن شامالنىڭ بۇرنىدىن چىقىشى ئۈچۈن شامالنىڭ يۆنىلىشىگە توغرىلاپ تىكلەپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەيكەل راست موزاينىڭ مۆرىشىگە ئوخشايدىغان ئاۋاز چىقىراتتى.

بۇ مۆرەشنىڭ سەۋەبى (سىرى) مۇنداقمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ: جىبرىئىل دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەندە، سامىرى ئۇنىڭ ئىزى چۈشكەن تۇپىراقتىن بىر ئوچۇم ئېلىۋالغان ئىدى.

دېمەككى، سامىرى باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرگەن ئىدى. موزاي ھەيكىلىنى ياسىغاندا، ئۇ تۇپىراقنىمۇ ئالتۇنغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. جىبرىئىل ماڭغان يەر جانلىنىپ كېتەتتى ۋە بۇ ئارىلاشمىدا ياسالغان موزاي ھەيكىلى خۇددى راستتەكلا مۆرىدى.

بۇ مۇساغا سامىرىنىڭ ئېيتقان ھېكايىسى ئىدى. بىز ئۇنى يالغانچى دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ كاپىرلىقى يالغان ئېيتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ھازىر بىلدۇقكى، تۇپىراقتا قوشۇلغان ئالتۇن ئېرىگەندە، تۇپراق ئالتۇندىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئۇمۇ ئايرىلىپ بوشلۇق پەيدا بولۇشىنى كۈتتى. كۈچلۈك ئېھتىمالغا قارىغاندا، سامىرى ھەيكەلنىڭ ئىچىنى قۇرۇق چىقىرىش ئۈچۈن (بۇنداق بولغاندا ھەيكەلدىن ئاۋاز چىقاتتى) خۇددى باشقا تۇپىراقتەك بۇ تۇپىراقنى ئىشلەتكەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، سامىرى ياسىغان نەرسىسى بىلەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئۇلار: بۇ نېمە سامىرى؟ ـ دەپ سوراشتى.

- سىلەرنىڭ، مېنىڭ ۋە مۇسانىڭ ئىلاھى! ـ دېدى ئۇ.

- ئەمما مۇسا ئىلاھىمىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەنتىغۇ؟ ـ دېدى ئۇلار.

- مۇسا ئۇنتۇپ قېلىپ، رەببىنى ئىزدەپ ئۇياققا كېتىپ قالدى، ـ دېدى سامىرى.

www.munber.org

بۇ ئەسنادا بىر شامال كېلىپ موزايىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقتى، بۇنىڭ بىلەن موزايىدىن مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقتى. ئىسرائىل ئەۋلادى بۇ موزايغا چوقۇندى.

بەلكى بۇنى ئوقۇغان كىشى بۇ پىتنىگە ھەيران قېلىشى مۇمكىن. قەۋمىنىڭ ئەقلى بىلەن قانداقلارچە بۇنداق ئويىنىغلى بولغاندۇ؟

بىردىنلا قانداقلارچە بۇتلارغا قايتىدىن چوقۇنۇپ قالغاندۇ؟

ئۇلارنىڭ بېشىغا قورقۇنچلۇق بىر ئىش كەلگەن ئىدى.

بۇ موزايغا چوقۇنغان خەلقنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلساق (كۆزەتسەك) لا، ھەيرانلىق ھېس قىلمايمىز. چۈنكى ئۇلار مىسىردا بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ”موزاي ئاپىس“ نى مۇقەددەس كۆرىدىغان بىر مۇھىتتا، خورلانغان، قۇل قىلىنغان ھالدا ياشاپ كەلگەچكە، روھى سۇنۇپ، تەبىئىتى بۇزۇلغان ئىدى. اللہ نىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇمىدسىزلىك ئۇلارنى ئۆزگەرمەس قىلىپ قويغان ئىدى. ھېسسىي مۆجىزىلەر ئۇلارنى كەلىمىلەرنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرەلمىگىنىدەك، اللہ نىڭ سۆزلىرىمۇ ئۇلارنى ھەققە قايتۇرالمىدى. ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلدى. خۇددى مىسىرلىق خوجايىنلىرىغا ئوخشاش بۇتپەرەس بولغاچقا، موزايغا چوقۇنۇشتىن تەپ تارتمىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەستى. چۈنكى ئۇلار دېڭىزنىڭ يېرىلىشى مۆجىزىسىدىن كېيىن، بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بىر مىللەتنى كۆرۈپ، مۇسادىن ئۆزلىرىگىمۇ ئۇ قەۋمگە ئوخشاش چوقۇنىدىغان ئىلاھ تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئۇ ھالدا مەسىلە كونا مەسىلە ئىدى. بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارزۇسى بىلەن بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ پەرقى يوقتۇر.

سامىرى مانا بۇ پسىخىكىلىق ئاجىزلىقا ئاساسەن، بۇ موزاي ھەيكەلنى ياساش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانىدى. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالتۇنغا ھېرىسمەنلىكىنى بىلگەچكە ھەيكەلنى ئالتۇندىن ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن سامىرى پىتنىسى يېيىلدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قەۋمىنىڭ بىر موزايغا چوقۇنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

قەۋم، بۇنىڭ قاملاشمىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارزۇسىدىكى كۆپ ساندىكىلەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلدى.

ھارۇن قەۋمىگە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى: «سىلەر بۇنىڭ بىلەن سىنىلىۋاتىسىلەر، بۇ بىر پىتنەدۇر، سامىرى سىلەرنىڭ بىلىمسىزلىكىڭلاردىن پايدىلىنىپ موزاي بىلەن سىلەرنى ئالدىدى، بۇ نە سىلەرنىڭ، نە مۇسانىڭ ئىلاھى ئەمەس!»

﴿سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك اللّٰه دۇر، ماڭا بويسۇنۇڭلار، (مۇزايىغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقىمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى﴾.[1]

مۇزايىغا چوقۇنغۇچىلار ھارۇننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇلار ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك نەسىھەت تەسىر قىلمايدىغان جاھىللار ئىدى. ھارۇن ئۇلارغا تەكرار نەسىھەت قىلىپ، اللّٰه نىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزغان مۆجىزىلىرىنى، مەرھەمەتلىرىنى، ئۇلارنى قوغدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئۇلار قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ ئاڭلىغىلى ئۇنىمىدى. ھەتتا ئۇنى ئاجىز كۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

ھارۇن مۇسا قايتقىچە بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىدى.

ھارۇن مۇسادىن مۇلايىم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. ھارۇن قەۋمى ئىچىدە تېخىمۇ بەك قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ، كۈچ ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى پارچىلىۋەتمىدى. ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇسانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇ كۈچلۈك مۇسانىڭ بۇ پىتنىنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

خەلق مۇزايىنىڭ ئەتراپىدا داۋاملىق ئويۇن ـ تاماشا قىلىشتى. سامىرى بۇ كونا پىتنىنىڭ تېرىغۇچىسى ئىدى. اللّٰه ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!

قۇرتۇبى تەپسىرىنىڭ 11 ـ بابىدا سامىرى پىتنىسى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىمام ئەبۇبەكرى ئەتتارتۇشىدىن سورالدى: ”ئى ئۇستاز! اللّٰه ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان ۋە قولىدا تاياق تۇتۇپ بىر پارچە تېرە ئۈستىدە ماڭىدىغان كىشىلەرگە قانداق قارايسەن؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئايلىنىپ چۈشكىدەك ھالغا كەلگىچە سەكرەپ ئويىنىشىدۇ. بەزىلىرى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش جائىزمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بىزگە ساۋاب بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.“ ئۇستاز مۇنداق جاۋاب بەردى: ”سوفىيە مەزھىبى (ئۇسسۇل ئويناپدىغان سوپى ـ ئىشانلارنى دېمەكچى) باتىللىق، جاھىللىق ۋە (زالالەت) گۇمراھلىقنىڭ ئېپادىسى بولۇپ، ئىسلام پەقەت اللّٰه نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇسسۇل ئويناش ۋە سەكرەش ھاياجانلىنىپ، ھوشىدىن كېتىشنى تۇنجى بولۇپ، سامىرىنىڭ ئادەملىرى پەيدا قىلغان ئىدى. سامىرى ئۇلارغا مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان مۇزايىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ بەرگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىشقان ئىدى. بۇ كاپىرلارنىڭ دىنى، ئۇلار مۇزايىنىڭ قۇللىرى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلار خۇددى بېشىدىكى قۇشنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تىنچ تۇرۇشاتتى. باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئۇلارنى (يەنى ئۇسسۇل ئويناپدىغان ۋە سەكرەيدىغان ئىشان ـ سوپىلارنى)

---

[1] سۈرە تاھا 90 ـ ئايەت.

مەسجىد ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىشتىن چەكلىشى لازىم. الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن بىر كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن ئارىلىششى، باتىل ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشى ھالال ئەمەس. بۇ ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفىي، شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. تەۋپىق (مۇۋەپپىقىيەت) الله تەرىپىدىندۇر.“

مانا بۇ، قۇرتۇبىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىدۇر. ئۇنىڭ سەزگۈر ئەقلى، تەقۋادارلىقى بىلەن سوفىيىە (سوپى ـ ئىشانلار) نىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن قەدىمكى موزايىغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناشنى بىر ـ بىرىگە باغلىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىڭ!

مۇسا قەۋمىگە قايتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قەۋمىنىڭ موزاي ئەتراپىدا سەكرەپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇسانى كۆرگەن قەۋمى توختاپ جىمىدى.

مۇسا ۋارقىردى:

﴿قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار ـ ھە!»﴾[1].

مۇسا تەۋرات لەۋھەلىرىنى يەرگە ئېتىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ھارۇننىڭ ئالدىغا كەلدى. قوللىرى بىلەن ھارۇننىڭ چاچ ـ ساقلىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپ، غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا:

﴿«ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىششتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟»﴾[2] دېدى.

مۇسا ھارۇننىڭ ئۇزرىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ، بۇ يەتنە ئالدىدا نېمە ئۈچۈن گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەي، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا قانداق رازى بولغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن نېمىشقا ئېلىشمىغانلىقىنى سورىدى.

چۈنكى خاتالىق ئالدىدا جىم تۇرۇۋېلىش ئۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئەتراپ مۇسانىڭ غەزەپلىك ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ جىمجىتلىققا چۆمدى. ھارۇن مۇسا بىلەن سۆزلەشتى. بىر ئانىنىڭ باللىرى بولغانلىقى ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەرھەمەت تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئاتىلىرىنى ئەمەس، ئانىلىرىنى زىكىر قىلدى.

﴿ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن﴾.[1]

---

[1] سۈرە ئەئراف 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ قارشى چىقىش ياكى موزايغا چوقۇنغانلارغا رازىلىق بىلدۈرۈش ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشتىن قورققانلىقىنى چۈشەندۈردى.

مۇسا ئۇنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق تۇرغانلىقىنى سورىدى.

ئۇ ئەگەر ئۇلارغا شىددەت بىلەن قارشى چىققان تەقدىردە ئارىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشىدىن قورققان ئىدى.

مۇسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قايتىشىنى ساقلىماي ئارىلىرىدا قانداق ئايرىمچىلىق چىققانلىقىنى سورىدى.

﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»﴾.[2]

ھارۇن قېرىندىشى مۇساغا مۇلايىملىقى سەۋەبىدىن قەۋمىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتكەنلىكىنى، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانلىقىنى ئېيتىپ، دۈشمەنلىرىگە تاماشا بولماسلىقى ۋە قەۋمىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي قالماسلىقى ئۈچۈن چاچ ـ ساقىلىنى قويۇپ بېرىشىنى سورىدى.

ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى چىقالمىغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

﴿(ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇج قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن»﴾.[3]

مۇسا اللە نى قىزغىنىپ ۋە ھەقكە بولغان سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان غەزەپ تۈپەيلىدىن ھارۇنغا ھەقسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ھارۇننىڭ بۇ شەرتلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىنى ئۇقتى.

ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ۋە قېرىندىشى ئۈچۈن اللە قا ئىستىغفار ئېيتتى ۋە ئارقىدىن قەۋمىگە ئۆرۈلۈپ غەزەپتىن تىترىگەن ئاۋازى بىلەن سورىدى:

﴿«سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزەڭلارغا

---

[1] سۈرە تاھا 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟ »﴾.[①]

مۇسا ئۇلارغا قاتتىق تەگدى ۋە ئۇلارنى پەرىشان قىلىپ، قىلمىشلىرىنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، مۇسا غەزەپلەنگەن ئاۋازدا يەنە مۇنداق ۋارقىردى:

﴿شۈبھىسىزكى، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. (اللہ غا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾.[②]

غەزەپلىك ئاۋازنىڭ تاغلاردىكى ئەكس ساداسى ئاڭلانغاندا، ئۇلار بېشىنى ئېگىپ خاتالىقلىرىنى چۈشەندى. ئۇلار مۇسا ئەكەلگەن ھەق يولغا قارا چاپلىغان ئىدى.

اللہ ئۇلارغا شۇنچىلىك ياردەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قانداقلارچە يەنە بۇتقا چوقۇنۇشنى تاللىدى؟! مۇسا ئۇلاردىن 40 كۈن ئايرىم قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالتۇن موزايغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنمىدى؟

اللہ يەر يۈزىدە تەۋھىدنى ئامانەت قىلغان بىر مىللەت نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدى؟

مۇسا ھارۇن بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سامىرىگە قارىدى. ھارۇن مۇسانىڭ يوق ۋاقتىدا خەلققە مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىدە گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. خەلق مۇسانىڭ غەزىپى ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىشتى. ئەمدى پەقەتلا پىتنىنى تېرىغان سامىرى قالغان ئىدى.

غەزىپى بېسىلمىغان مۇسا سامىرىدىن سورىدى:

﴿« ئى سامىرى! سەن نېمە بولدۇڭ؟ (يەنى مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشتىن غەرىزىڭ نېمە؟) »﴾.[③]

ئۇنىڭ دەيدىغىنى ۋە بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنى بىلمەكچى بولدى. سامىرى مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿« مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم »﴾.[④]

جىبرىئىلنىڭ ئاتقا مىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن ھاياتلىق جانلىناتتى.

﴿ئەلچى (يەنى جىبرىئىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە،﴾.[⑤]

جىبرىئىلنىڭ ئىزى چۈشكەن تۇپراقتىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ئۇنى ئالتۇن بىلەن ئارىلاشتۇردۇم.

[①] سۈرە تاھا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە ئەئراف 152 ـ ئايەت.
[③] سۈرە تاھا 95 ـ ئايەت.
[④] سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[⑤] سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿ئۇنى (مىزايىغا) چاچتىم، (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى)، شۇنىڭدەك (بۇنى) ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى»﴾[1].

مۇسا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرمىدى، پەقەتلا ھەقنىڭ ھۆكۈمىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. سامىرىنىڭ جىبرىئىلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپا ئېلىشى، موزايىنىڭ مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۇ تۇپراق بولۇشى ياكى بۇ ئاۋازنى چىقىرىش ئۈچۈن سامىرىنىڭ موزاينى ئىچى قۇرۇق قىلىپ ياسىشى مۇھىم ئەمەس.

مۇھىم بولغىنى، پىتنە تېرىپ، مۇسانىڭ قەۋمىنى ئۇلارنىڭ مىسىرلىق خوجايىنلىرىغا ھەۋەسلىنىپ، بۇتقا چوقۇنۇشنى دوراش ئارزۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالدىشى ئىدى. يەنى ئۇ قوش جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىدى.

﴿مۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «سەن بارغىن! سەن ئۆمۈرۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ماڭا يېقىنلاشماڭلار! دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، اللّٰه ساڭا قىلغان بۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن ھامان چوقۇنۇۋپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم (ئوتتا) كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا چېچىۋېتىمىز»﴾.[2]

مۇسا ئۇنىڭ دۇنيادا يالغۇز قېلىشىنى ھۆكۈم قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ (يەنى سامىرى) چېقىلماسلىقى كېرەك بولغان نەرسىگە قول تەككۈزگەچكە، مۇسا ئۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ يېقىن يولىماسلىقى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى.

مەسىلە بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. سامىرى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى موزاي ھەيكىلى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا قىلغان جىنايىتىگە ئۇيغۇن جازا بېرىلدى. ئۇنىڭغا چەتكە قېقىلىش ۋە يالغۇزلۇق ھۆكۈم قىلىندى.

سامىرى باشقىلار يېقىن كېلىشتىن يىرگىنىدىغان بىر تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمۇ، چەتكە قېقىلىشقا ۋۇجۇدى (تېنى) سەۋەب بولغانمۇ، ئۇنىڭ يالغۇز قىلىنىشىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشىنىڭ كونكېرت ئەھۋالىنى بىز بىلمەيمىز. بىلىدىغىنىمىز شۇكى، مۇسا ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق جازا بەرگەن ئىدى. ئۆلۈم بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى ئىدى. سامىرى ھېچ نەرسىگە تېگەلمەي ھېچبىر كىشىگە يېقىن كېلەلمەي، ھېچقانداق بىر مەخلۇققا يېقىنلىشالماي، ھاقارەت ئىچىدە يالغۇز ياشىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئىدى. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ چېكىدىغان ئىككىنچى ئازابى بار ئىدى. زېھنىدە تېخىمۇ ئېغىر قورقۇنچ ھېس قىلسۇن ئۈچۈن بۇ جازا ئاشكارىلانمىدى.

---

[1] سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 97 ـ ئايەت.

www.munber.org

مۇسا سامىرىنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن موزايىنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، قەۋمىنىڭ ھودۇققان كۆزلىرى ئالدىدا ئۇنى ئاپىرىپ دېڭىزغا پىقىرىتىپ تاشلىدى. چوقۇنۇلغۇچى (ئىلاھ) چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ كۆزى ئالدىدا دېڭىزدا لەيلىگەن كۆللەرگە ئايلاندى. مۇسانىڭ ئاۋازى يۇكسەلدى.

﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر اللہ تۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾.①

ئىلاھىڭلار پەقەت بىر اللہ تۇر. ئۆزگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇت ئەمەس!

مۇسا بۇتنىڭ ۋە ئەسلى گۇناھكارنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەۋمىگە يۈزلىنىپ پۈتۈن مەسىلە ھەققىدە ئومۇمىي ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلىقىنى، موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ پۇرسەت، مۇزايغا چوقۇنغانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش پۇرستى ئىدى.

ئۇلۇغ اللہ مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. اللہ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. اللہ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.②

مۇسانىڭ موزايغا چوقۇنغانلارغا بەرگەن جازاسى قورقۇنچلۇق، ئەمما ئىشلەنگەن گۇناھقا ئۇيغۇن ئىدى. بۇتلارغا چوقۇنۇش ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىش دېمەكتۇر. ئىنساننى ھايۋان ۋە جانسىز مەخلۇقاتلاردىن ئايرىيدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. ئەقىل ـ سەزگۈسىنى يوقىتىشنىڭ جازاسى شەخسەن ۋۇجۇدىنىڭ ۋۇجۇدىنى يوقىتىش بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن ئەقىلسىز ياشايدىغان باشقا ھاياتلىق يوقتۇر. جازامۇ گۇناھقا ئاساسەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز ھالدا كەلگەن ئىدى. كېيىن اللہ مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە مەرھەمەتلىكتۇر.

مۇسانىڭ غەزىپى ئاخىرى پەسەيدى.

تەۋرات لەۋھەلىرىنى بىر ياققا تاشلاپ، قېرىندىشىنىڭ چاچ ۋە ساقاللىرىنى تارتىشتىن باشلاپ، موزاي ھەيكىلىنى دېڭىزغا چۆرۈپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان مۇسا ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق

---

① سۈرە تاھا 98 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە 54 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلغان بىر كۈچ سۈپىتىدە غەزەپنى تەسۋىرلىگەن قۇرئان كەرىم ئىپادىسىدىكى تەپەككۇرغا دىققەت قىلىڭ!

مۇسانىڭ الله يولىدا كەلگەن ئاچچىقى ئەمدى يوقالدى. بۇ ئاچچىق ـ غەزەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتكە ئەڭ لايىق بولغىنى ئىدى.

غەزىپى پەسەيگەن مۇسا ئەسلى ۋەزىپىگە قايتتى. تەۋرات لەۋھەلىرىنى بىر بۇلۇڭغا قويغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارنى قايتا قولىغا ئالدى ۋە تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان ئىدى﴾.[1]

بەزىلەر «ئۇنىڭ بىردە (ئۇنىڭدا)» دېگەن ئىپادىدىن: لەۋھەلەر سۇنۇپ كەتكەن، ـ دېگەن مەنىنى چىقىرىشتى. لەۋھەلەر سۇنىدىغان بىر ماددىدىن ياسالغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز.

لېكىن ئىبنى كەسىر بۇ پەرەزنى (چۈشەندۈرۈشنى) قوبۇل قىلمايدۇ. لەۋھەلەرنىڭ ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەزىپى بېسىلغان مۇسا الله يولىدىكى جىھادىنى قايتىدىن باشلاپ تەۋرات لەۋھەلىرىنى قەۋمىگە ئوقۇپ بەردى.

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ (تەۋراتنىڭ) ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىشىنى ئەمر قىلدى. ھەيران قالارلىقى، قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن ھەق توغرىسىدا سودىلاشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

ـ لەۋھەلەرنى ئالدىمىزغا قويغىن، ئەگەر بۇيرۇق ۋە قانۇنلار ئاسان بولسا قوبۇل قىلايلى.

مۇسا: ياق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى (لەۋھەلەردە يېزىلغانلارنى) قوبۇل قىلىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار جاھىللىق قىلىۋىدى، ئۇلۇغ الله پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ تاغنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئەكەلدى. تاغ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى بىر بۇلۇتتەك تۇراتتى.

ئۇلارغا: لەۋھەلەردە يېزىلغاننى قوبۇل قىلمىساڭلار، بۇ تاغ ئۈستۈڭلەرگە چۈشىدۇ، ـ دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلىشتى. سەجدە قىلىشى ئەمر قىلىندى ۋە ئۇلار سەجدە قىلدى. ئېڭەكلىرىنى يەرگە چاپلاپ قورققان ھالدا ئۈستىدىكى تاغقا قاراشتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

[1] سۈرە ئەئراف 154 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق، ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «تەۋراتلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا بېرىلگەن كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار»﴾.[1]

شۇنداق قىلىپ، مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىنىپ، پۇتلىرى بۇ قورقۇنچنىڭ تەسىرى بىلەن سەجدىگە يىقىلىپ، بويۇنلىرى پارلاق بىر مۆجىزە ئالدىدا پۈكۈلگەندە تەسلىم بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

دېمەككى، ئىنسانلار ئىلاھىي ھاسا بىلەن ئىمانغا يېتەكلەندى. بۇ، ئىنساننىڭ باللىق چېغىدا ئەقىل بىلەن قايىل بولۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنىش قابىلىيىتىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىشىنىڭ كەملىكى سەۋەب بولغانغا ئوخشايدۇ.

بەلكى بۇ يەردە مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ پىسخىكىسىنى قايتا تىلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەتلا ھېسسىي كۈچ ۋە پارلاق مۆجىزىلەرگە قايىل بولۇشىنىڭ باش سەۋەبى بۇدۇر.

مۇسانىڭ قەۋمى ھاقارەت ۋە زۇلۇم ئىچىدە يېتىلگەندى. بۇ مۇھىتتا ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى يوقىلىپ، تەبىئىتى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ئىچىلىرىگە خورلۇق تۇيغۇسى ئورۇنلىشىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەچكە، ياخشىلىق ۋە خەيرلىك ئىشلارغا كۈچ ئىشلىتىش بىلەن يېتەكلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كونا خوجايىنلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىگە كۈچ بىلەن زورلۇق قوللىنىشقا كۆنگەن ئىدى.

شۇڭا يېڭى خوجايىنىڭمۇ ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قورقۇنچ ۋە خەتەرلەرگە كۆكرەك كېرىشى، ئۇلارنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا كۈچ ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى.

موزايغا چوقۇنۇش گۇناھى پۈتۈنلەي يوقالمىغان ئىدى.

مۇسا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالىم ۋە تاللانغان كىشىلىرىنىڭ الله تىن مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلىشىنى بۇيرۇدى. ئۇلاردىن 70 كىشىنى تاللاپ: الله قا بېرىڭلار، قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئارقاڭلاردىكى قەۋمىڭلارنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى سوراڭلار، روزا تۇتۇپ پاك بولۇڭلار، كىيىملىرىڭلارنىمۇ پاك تۇتۇڭلار! ـ دېدى.

مۇسا تاللانغان 70 كىشى بىلەن بىللە الله نىڭ ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان ئۇچرىشىشى ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇسا تاغقا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بىر بۇلۇت پۈتۈن تاغنى قاپلىغان ئىدى. مۇسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قەۋمىگە: يېقىن كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار يېقىنلاشتى. ئۇلۇغ الله مۇسا بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا الله بىلەن

[1] سۈرە ئەئراف 171 ـ ئايەت.

www.munber.org

سۆزلىشۋاتقاندا ئالدىغا ئىنسان بالىسىدىن ھېچبىر كىشى قارىيالمايدىغان ۋە ياكى تاقەت قىلالمايدىغان پارلاق بىر نۇر كېلەتتى. مۇسا رەببى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئارىسىدا پەردە پەيدا بولدى. مۇسا تاللىغان 70 كىشى ئۇنىڭ رەببى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى.

بەلكى بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە ئىمانى بىلەن ياشىشىغا يېتەرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاللانغان بۇ 70 كىشى ئاڭلىغان مۆجىزىگە قانائەت قىلماي، الله نى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

- بىز ئاڭلىدۇق، لېكىن يەنە كۆرۈشنى خالايمىز، - دېيىشتى ئۇلار.

﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» ﴾.[①]

ئۇلار مۇشۇنداق دېيىشتى. بۇ، كىشىنى قورقۇتىدىغان بىر تىراگېدىيەدۇر....

قەلبلەرگە ساغلام بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ھېسسىي ۋە ماددىي نەرسىلەرگە ئېسىلغانلىقىنى (يېپىشقانلىقىنى) بىلدۈرگەن بىر تىراگېدىيەدۇر.

چېكىدىن ئاشقان بۇ تەلەپكە چاقماق تېزلىكىدە بىر جازا بېرىلدى. سېكۇنت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن زىلزىلە (يەر تەۋرەش) ئۇلارنىڭ روھ ۋە بەدەنلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى.

ئۇلار ئۆلدى...

مۇسا تاللانغان 70 كىشىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى. رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت قىلىشنى تىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىلسىزلارچە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھېسابقا تارتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلارچە ۋە تاش يۈرەك بولغان ھالدا الله نى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە دۆتلۈكىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇ، پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئۈتكىلى بولىدىغان ھاماقەتلىك ئىدى.

پەيغەمبەر مۇسانىڭ قىلغىنىدەك، رەببىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش گەرچە باشقا بىر مەنتىق بىلەن بۇيۇك بىر سۆيگۈدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەلەپ يەنىلا ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەب بىلەن پەيغەمبەرگىمۇ قاتتىق سىلكىنىش كەلدى. خاتالاشقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يەر ۋە زامان ھەققىدە تەھدىت سالغان بولۇشنى شەرت قىلغان شۇنچىلىك چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمانلىرى ئۈچۈن بۇ كۆرۈنۈشنى شەرت قىلىۋالغان ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى قانداقمۇ ئەقلىمىزگە سىغدۇرالايمىز؟

بۇ بىر چوڭ ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟

[①] سۈرە بەقەرە 55 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇنىڭ بىلەن مۇسا، ئۇلارنىڭ كۆرۈش ئارزۇسى تۈپەيلىدىن سىلكىنگەندىن كېيىن رەببىگە دۇئا قىلىپ، مەغپىرەت ۋە رەھىم تىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى: ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن. بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى﴾.①

بۇ مۇسانىڭ رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ رىزاسىنى تىلەۋاتقاندا ئېيتقان سۆزلىرى ئىدى.

الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قەۋمىنى ئەپۇ قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. تاللانغان كىشىلەر الله بىلەن مۇسا سۆزلىشىۋاتقان بۇ گۈزەل ۋاقىتلاردا ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن تاكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگىچە بولغان سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

﴿«بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى. الله ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن». ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾.②

---

① سۈرە ئەئراف 155 ــ 156 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەئراف 156 ــ 157 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئايەتتە زامانىمىز بىلەن ئۆتمۈش ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرىمىز. ئۇلۇغ اللە، مۆجىزىلەردە پەيغەمبەرنىڭ دىگەنلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىككى دەۋرگە ئۆتىدۇ. بۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ چۈشكەن دەۋرىدۇر. ئۇلۇغ اللە نىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى كىتابتا بېشارەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

شۇنداق پەرەز قىلىمىزكى، بۇ خۇشخەۋەر مۇسانىڭ رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن بولغان 70 كىشى بىلەن بىللە كەلگەن كۈنى كەلدى.

كاتتا مۆجىزە كۆرستىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇھىملىقى بىلىنگەن بۇ كۈندە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ خۇشخەۋىرى كەلگەن ئىدى. ئىبنى كەسىرنىڭ «قەسسەسۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى)» ناملىق كىتابىدا قەتادەدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ” مۇسا پەرۋەردىگارىغا: مەن لەۋھەلەردىن ئىنسانلار ئۈچۈن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ خەيرلىك ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى چەكلەيدىغان بىر ئۈممەت كۆردۈم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ اللە : ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر، ـ دېدى.

ـ پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە كىتابىنى قەلبىدە ئوقۇغان بىر ئۈممەتنى كۆردۈم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقىلىرى كىتابلارغا قاراپ ئوقۇيتتى. كىتابنى قويغاندىن كېيىن ھېچبىر نەرسە ئېسىدە قالمايتتى. اللە بۇ ئۈممەتكە باشقا ھېچبىر قەۋمگە بېرىلمىگەن يادلاش قابىلىيىتىنى بېرىپتۇ. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ـ دېدى مۇسا.

ئۇلۇغ اللە: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر، ـ دېدى.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى كىتابلارغا ئىشەنگەن ۋە گۇمراھلىققا چۈشكەنلەر بىلەن جەڭ قىلغان بىر ئۈممەت كۆردۈم، ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ اللە دېدى: ئۇ ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە سەدىقە بېرىدىغان ۋە بەرگەن سەدىقىلىرىنى ئۇلارنىڭ پېقىرلىرى يېيەلەيدىغان، بۇنىڭ بىلەن سەدىقە بەرگۈچىگە ئەجىر بېرىلىدىغان بىر ئۈممەتنى كۆردۈم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقى قەۋملەردىن (ئۈممەتلەردىن) بىرى سەدىقە بەرسە ۋە ئۇ سەدىقە قوبۇل قىلىنسا، اللە ئۇ سەدىقىگە بىر ئوت ئەۋەتەتتى، ئوت سەدىقىنى يەۋېتەتتى، سەدىقە قوبۇل قىلىنمىسا، ئوت ئۇنى كۆيدۈرمەي تاشلىنىپ قېلىناتتى، ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلار يەپ تۈگىتەتتى. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ اللە: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر، ـ دېدى.

www.munber.org

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە بىر كىشى بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇنى ئورۇنلىغىنىدا، ئۇنىڭغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب يېزىلىدىغان بىر ئۇممەتنى كۆردۇم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىمدىن قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ اللّٰه دېدى: ”ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر.“

مۇسا، اللّٰه قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار ياشىدى. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار پات ـ پات يولدىن چىقاتتى. كالا ۋەقەسىدىن ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى ئىش كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ۋە قىيىن ئەھۋالغا قويىغان ھەم سوئال سوراشنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇسا بىلەن مۇنازىرە قىلىشىنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. كالا ھېكايىسىنىڭ ئەسلى مۇنداق ئىدى: بىر كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر باي كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جەسىتى تېپىلدى. ئائىلىسى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، قاتىلى تېپىلمىدى. ئۆلگەن كىشى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە نوپۇزلۇق بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز مەخپىي ئۆلتۈرۈلىشى كىشىگە بىر پىتنە تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مۇسانىڭ اللّٰه قا مۇراجىئەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇسا رەببىگە مۇراجىئەت قىلدى. اللّٰه ئۇلارنىڭ بىر كالا بوغۇزلىشىنى بۇيرىدى. پەقەتلا خەلققە ئۈچرىغان تۈنجى كالا بولۇشى شەرت قىلىندى. ئەپسۇسكى، ئۇلار مۇسا بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن تارتىششقا باشلىدى.

مۇسا ئۆزىنىڭ جاھىللىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىدىن پاك ئىكەنلىكىنى، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ كالىنىڭ بوغۇزلىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى.

بۇ يەردىكى مەسىلە ھاياتتا ئادەتلەنگەن ياكى خەلق ئارىسىدىكى نورمال بىر ئىش بولماستىن، بەلكى بىر مۆجىزە مەسىلىسى ئىدى.

كالىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن سىرلىق جىنايەتنى ئېنىقلاشنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ئەمما قاچان مەنتىقىلىق سەۋەبلەر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھاياتىغا ھاكىم بولسا، مۆجىزىلەر ھاياتلىرىنىڭ ھاكىم قانۇنىغا ئۆزگىرەتتى. بۇنىڭ كالا ۋەقەسىدە تەكرارلىنىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى يەنە شۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىدى. ئۇلار بىلەن ياشاشنىڭ ئۆزى خاتادۇر. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ئۈچۈن نورمال دۇنيا مەسىلىلىرى بىلەن مۇھىم ئېتىقاد مەسىلىلىرى تەڭ ـ باراۋەر ئىدى. ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەرخىل مەسىلىلىرىگە چىدىشى كېرەك بولغاچقا، مۇسا ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن كۆلپەتلىرىگە، ئەسكىلىكلىرىگە، مەسخىرىلىرىگە بەرداشلىق بېرەتتى.

ئاخىرىدا، مۇسا ئۇلارغا دېگەنلىرىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىر كالا بوغۇزلىشنى بۇيرىدى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى ساختا تەبئىتى بىلەن جاھىللىق قىلىپ يولدىن چىقىشقا باشلىدى. دېدىكى: بۇ بىز بىلىدىغان نورمال كالىمۇ ياكى بىر

www.munber.org

ئالاھىدىلىكى بولغان باشقا بىر خىل مەخلۇقمۇ؟ مۇسا رەببىگە قايتا دۇئا قىلىپ، كالىنىڭ تەرىپىنى سورىدى ۋە باشتىكىدىن ئەتراپلىق ئىپادىلەندى. ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش كالا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە، مۇشۇ يەردە توختاپ قالسا بولاتتى. لېكىن ئۇلار سوراشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار قالايمىقان سوئاللىرىنى ياغدۇرىۋەتتى. بۇ كالىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداقلىقى سورالدى.

مۇسا بۇنى بىلىش ئۈچۈن رەببىگە دۇئا قىلدى. الله قا ۋە پەيغەمبىرىگە ھۆرمەت ۋە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشىنىڭ ئورنىغا بۇنىڭدەك جاھىللىق قىلىشىنىڭ ۋە چالۋاقاشنىڭ ھېچ لازىمى يوق. ئاددىي بىر ئىشنى تەكرار ـ تەكرار مۇسادىن سوراشتىن خىجىل بولۇش كېرەك ئەمەسمىدى؟ مۇسا دۇئادىن كېيىن ئۇلارغا ئۇنىڭ قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان، ئوچۇق پارقىراق، ساپسېرىق رەڭلىك كالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن كالىنىڭ رەڭگى بېكىتىلدى. مەسىلىنىڭ شۇنچىلىك ئېنىق بولۇشقا قارىماي، ئۇلار تەكرار ئەزۋەيلەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىگە قىيىنلاشتۇرغانسېرى، الله مۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇردى. ئۇلار مۇسادىن ئۇنىڭ قانداق تىپتىكى كالا ئىكەنلىكىنى سوراشتى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن كالىلار بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشايتتى.

مۇسا ئۇلارغا ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېتىز سۇغىرىپ كۆندۈرۈلمىگەن، قۇسۇرسىز، ئالىسى يوق، سېرىق كالا بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. جاھىللىق ئۇلارنى جاپاغا قويدى. ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكتىكى كالىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى، بىر يېتىمنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدىن تېپىپ كېلىپ بوغۇزلاشتى. مۇسا كالىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ ئۆلگەن كىشىنى ئۇرۇۋىدى، ئۆلۈك تىرىلدى. مۇسا ئۇنىڭدىن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سورىدى، ئۇ ئېيتىپ بېرىپ بولۇپ تەكرار ئۆلدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن جاھىللىقلىرى ۋە قالايمىقان سوئاللىرى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە چۈشىنەلمەي قالغان سىر ئاشكارىلانغان بولدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «الله ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار:

«بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى». ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى. (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدى. مۇسا: «الله ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) الله ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، الله ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ﴾.[1]

ئەمدى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە رەببىگە قىلغان ئەدەبسىزلىكلىرىگە تارتماقچىمىز. قۇرئان بۇنى ئۇلار مۇساغا خىتاب قىلغاندا: «رەببىڭ» كەلىمىسىنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلىتىشى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار مۇساغا ئەدەب بىلەن: «بىز ئۈچۈن رەببىمىزگە يالۋۇرغىن» دېيىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار خۇددى الله پەقەتلا مۇسانىڭ رەببىدەك: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە يالۋۇر» دەيتتى. بۇنداق دېيىشى بىلەن الله نىڭ قۇلى بولۇش ئۇستۇنلىكىدىن (شەرىپىدىن) چىقاتتى. ئايەتلەرگە قاراڭ، بۇلارنى بىزگە نېمىدېگەن ئوچۇق ھېس قىلدۇرىدۇ ـ ھە؟

كېيىن پەقەتلا بۇ سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى:

﴿ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى﴾.[2]

ئۇلار پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرى بىلەن الله ئارىسىدا تولا قاتىرىتىپ ھاردۇرغان. كالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، رەڭگىنى، يېشىنى ۋە باشقا ئالامەتلىرىنى قالايمىقان سوئاللار بىلەن سورىشىپ زېرىكتۈرگەن، الله مۇ ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە نورمال كالىلاردا تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە شەرتنى قوشقاندا، پەيغەمبىرىگە ئۇ سۆزلەرنى قىلىشقان ئىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 67 ـــ 73 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە بەقەرە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» يەنى ئەمدى راستىنى سۆزلىدىڭ، ـ دېيىشتى. خۇددى ئۇ (مۇسا) ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندەك. ئاغزىدىن چىققان تۇنجى سۆزدىن تارتىپ ئاخىرقى سۆزىگىچە بىرەر يالغانچىلىق باردەك گەپ قىلىشاتتى.

كېيىنكى ئىپادىنىڭ قاتتىقلىقىغا (شىددەتتىگە) ۋە خەۋەر قىلىنغان زۇلمىغا قاراڭ.

﴿(ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى﴾.①

ئايەتلەرنىڭ شىددىتى بىزگە ئۇلارنىڭ قالايمىقان سوئال سورىشىنى، ئەزۋەيلەپ تالاش ـ تارتىش قىلىشلىرىنى ۋە الله توغرىسىدا جاھىللىق قىلىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. كۆز ئالدىمىزغا كەلگەن بۇ كۆرۈنۈش بىزگە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى ۋە تۇتقان پوزىتسىيىنى چۈشەندۈرىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ مۇسا بىلەن سۆزلەشكەندىكى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدۇر.

مۇسا قەۋمىدىن كۆپ ئەزىيەت چەككەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلدى.

بەلكى بۇنىڭغا مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل خورلۇق، ھاقارەت ئىچىدە، قۇللۇق ئاستىدا ياشىشى ۋە ئۇزۇن مەزگىل بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر مۇھىتتا قېلىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئىسلاھ قىلغۇچىلارغا (تۈزەتكۈچىلەرگە) جاپا سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ سۇنۇق ۋە ئېزىلگەن روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا بۇندىن باشقا خىلمۇخىل تەسىرلەر رول ئوينىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسانىڭ پاك، سەزگۈر ۋە غۇبارسىز كۆڭلىگە قانچىلىك ئازار بەرگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

ئۇلار مۇساغا قارشى چىقىش، ئەخمەقلىق، جاھىللىق، جاھالەت ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن ئازارلاپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگىمۇ ئەزىيەت ۋە يامانلىق قىلاتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى﴾.②

بۇ ئازارلاشنىڭ كونكېرت ئەھۋالىنى بىز بىلمەيمىز.

بىز بەزى ئالىملارنىڭ مۇسانىڭ داۋاملىق ھەممە يېرىنى يېپىۋالىدىغان ۋە تېنىنى ھېچقانداق كىشىنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى رىۋايىتىگە قوشۇلمايمىز:

① سۈرە بەقەرە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەھزاب 69 ـ ئايەت.

www.munber.org

”يەھۇدىيلار ئۇنىڭ تېرە كېسەلگە ياكى ئاق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتتى. الله مۇسانى ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قۇتقازدى. بىر كۈنى ئۇ يۇيۇنماقچى بولۇپ، كىيىملىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى. كېيىن قارىسا، تاش كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىۋاتاتتى. مۇسامۇ يالىڭاچ هالدا تاشنى قوغلىدى، بۇ چاغدا ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇنى يالىڭاچ هالدا كۆردى. بەدىنىدە هېچقانداق داغ ياكى قۇسۇر يوق ئىدى.“

بىز زىتلىق بىلەن تولغان بۇ هېكايىنى قوبۇل قىلمايمىز. چۈنكى تاشنىڭ مۇسانىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىشى مۇساغا هۆرمەتسىزلىكتۇر. بىر پەيغەمبەرنىڭ پاكلىقىغا داغ چۈشۈرۈشتۇر.

پەرەز قىلىمىزكى (پەرىزىمىزچە)، يەھۇدىيلەر مۇسانى روهىي جەھەتتىن ئازابلىدى.

بۇ، بۇيۇك جانلارنى قان يىغلىتىدىغان ۋە ئۇلارنى ئىچىدىن يارىلايدىغان بىر ئازاب ئىدى.

بۇنداق ئازابلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. ئەمما يەھۇدىيلەرنىڭ مۇسانى ئازابلاشتا چېكىگە يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئۇلارنىڭ هەزرىتى مۇساغا:

﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»﴾[1] دېيىشى، بەلكى ئۇلارنىڭ يەرىۋزىگە تەۋھىد ئىلمىنى يېيىش، ئەڭ بولمىغاندا، مەلۇم بىر رايون خەلقىگە تارقىتىپ، شۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئىبادىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق قىلىۋاتقان مۇساغا قىلغان ئەڭ چوڭ ئەزىيىتى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلارنىڭ بۇ روهى هالىتى سەۋەبى بىلەن الله ئۇلارنىڭ چۆلدە **40** يىل قېلىشىنى هۆكۈم قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى تويتوغرا **40** يىل چۆلدە قالدى. بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچاق بىر نەسىل ئۆلۈپ تۈگىدى ۋە بۇتچىلىق مۇھىتىدا ياشىمىغان، قۇلچىلىق روهى بولمىغان، جەڭگىۋار، يېڭى بىر نەسىل مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاتىلىرىدەك باش ـ ئاخىرى يوق چۆلدە غايىسىز، مەنىسىز ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالىمايدىغان، هەقىقىي غۇرۇرلۇق، ئىنسانىدەك ياشاش ئۈچۈن قانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار. مۇساغا: «سەن ۋە پەرۋەردىگارىڭ ئىككىڭلار بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېمەيدىغان نەسىل ئىدى.

تەۋھىد دىنلىرىنىڭ هەر قاندىقىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى هېسابلىنىدىغان ئەسكىرىي جاسارەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان نەسىل ئىدى.

**40** يىل چۆلدە تېڭىرقاشتىن كېيىن بۇ يېڭى ئەۋلاد دۇنياغا كەلدى...

[1] سۈرە مائىدە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بۇ كېيىنكى نەسلنى كۆرۈش مۇساغا نېسىپ بولمىدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى الله كىرىشنى تەقدىر قىلغان يەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولغانىدى.

ئۇلۇغ الله مەريەم سۈرىسىدە مۇسا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) مۇسا (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئۇ الله ئىبادىتىدىگە خاس قىلغان ھەم رەسۇل (يەنى ئەلچى) ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق. ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق﴾.[1]

الله ئۆزىنى كۆرۈش تەلىپىدىن كېيىن مۇسا ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەققەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»﴾.[2]

ئۇلۇغ الله نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى﴾.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله يولىدا قەۋمى تەرىپىدىن ئەزىيەت قىلىنغاندا: «مۇساغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەت قىلىنغان ئىدى ۋە ئۇ سەۋر قىلدى» دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسانىڭ ۋاپاتىدىن قىسقا بىر ۋاقىت ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

ھەزرىتى مۇسانىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقاندا، ئۇ تېخىچە چۆلدە ئىدى. رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «ئى رەببىم! مېنى مۇقەددەس يەرگە ئېتىلغان بىر تاشنىڭ مۇساپىسىغىچىلىك يېقىنلاشتۇرغىن.»

ئۇ ھىجرەت قىلغان يەرنىڭ يېقىن بىر يېرىدە ئۆلۈشنى ئويلىدى. قەۋمىنى ئۇ يەرگە بېرىشقا تەشۋىق قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇنىمىدى. چۆلدە ۋاپات بولغان كېچىسى يەر يۈزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئېيتقاندەك بىر قىزىل قۇم تۆپىلىكىگە دەپنە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «مەن ئىسرا كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ مېڭىلغاندا، قىزىل قۇم تۆپىلىكىنىڭ يېنىدىكى قەبرىسىدە ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم» دېگەنىدى.

---

[1] سۈرە مەريەم 51 ـ 53 ــ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەئراف 144 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 164 ـ ئايەت.

www.munber.org

مۇسانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە نۇرغۇن ئەپسانىلەر بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇسا جىننى ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىلنىڭ كۆزىنى ئوۇرۇپ قۇيۇۋەتكەنمىش. بۇنىڭدەك خۇراپىلەر، خۇراپىي سۆز - چۆچەكلەر كۆپتۇر. راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالمايدىغان بەزى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار بېرىشى كىشىنى بىئارام قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياخشى بىر ئۆلۈم بىلەن كەتتى. ئېھتىمال ئۇ اللە نى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ئىدى. سۆيگۈ ئۇنى ھايات چېغىدا اللە نى كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئالەمدە بۇنىڭغا پۇرسەت كۆپ ئىدى.

اللە بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئۆلۈمنى يورۇق بىر كۆڭۈل، ھۇزۇرلانغان بىر قەلب، ھەققە ئېنتىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششقا ئالدىرىغان ۋە سۆيۈنگەن بىر روھ بىلەن كۈتىۋالدى.

دۇرۇت ۋە سالام ئۇنىڭغا بولسۇن!

www.munber.org